# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

17



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋا رەسىمنى سىزغۇچى : مەمەت ئابدۇرېھىم

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-12024-6

9 787228 120246 >

定价：12.00元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## 17

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

— شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى —

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事. 17:维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.11
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978—7—228—12024—6

Ⅰ.维… Ⅱ.维… Ⅲ.维吾尔族—民间故事—作品集—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 177991 号

| | |
|---|---|
| 策　　划 | 阿不都热合曼·艾白,艾合买提·伊明 |
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 阿布勒孜·阿巴斯 等 |
| 封面设计 | 买买提·诺贝提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 5 |
| 版　　次 | 2008 年 11 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 11 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 12.00 元 |

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 17

نەشرگە تەييارلىغۇچى : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
پىلانلىغۇچىلار : ئابدۇراخمان ئەبەي ، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
تېلېفون : 2827472—0991
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 5
نەشرى : 2008 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى : 2008 - يىلى 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 5000—1
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12024—6
باھاسى : 12.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باي ۋە گۈزەل بىر خەزىنە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن باي، گۈزەل ۋە پارلاق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا، باي، چوڭقۇر مەزمۇنغا، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رەڭدار گۈلشەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايلىقى ۋە كەڭلىكى بىلەن، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە گۈزەللىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ، ۋەقەلىكى تاۋلانغان، نەتىجىسى روشەن ھەم ئۈمىدۋار، تىلى تەسىرلىك ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىلگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چۆچەك پېرسوناژلىرى بولغان، بىر پۈتۈن ۋەقەلىككە ئىگە نەسرىي ئەسەر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەمگەكچى خەلق مېڭىسىدىكى

ئىنكاسى، ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ئىدىيە ـ ھېسسىياتىنىڭ، غايە ۋە ئارمىنىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. چۆچەكلەر ئاساسەن رېئالىزملىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ قويۇق ئىپادىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ھەقىقەتپەرۋەرلىكى، ئەمگەكچان روھى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرانە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، شۇنداقلا ئېسىل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرگە ياخشى بىلەن ياماننى، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئۆز بىلەن دۈشمەننى، خۇنۇكلۇك بىلەن گۈزەللىكنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇئەييەن تەربىيىۋى رولىنى بايقىۋالالايمىز.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيىۋى رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ. بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن چۆچەكلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ياخشىلىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئىستىكى ئويغىنىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى، تارىخنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتىكى رولى، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشتىكى رولى، گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئېستېتىكىلىق رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولىنىمۇ ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا گىرەلەشكەن، سىڭىشىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان. بۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ خەلق

تۇرمۇشى بىلەن قان ـ گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى يېزىق شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كېلىپ، نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. يېزىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەللەردە خەلق چۆچەكلىرى يىغىپ خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتمەي داۋاملىق مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ ئىش بىزدە بۇرۇن ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، رەسمىي ئىشلەش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىرقانچە توپلام قىلىپ ئىشلەنگەنىدى. 80 ـ، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئىلمىي بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگىچە خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەمدە يىغىلدى، رەتلەندى ۋە مەخسۇس توپلاملار نەشر قىلىندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرلەر قايتا ـ قايتا سىلىشتۇرۇش، رەتلەش، تاللاش ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ۋۇجۇدقا كەلدى. قولىڭىزدىكى 23 قىسىملىق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دەل مۇشۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابقا سېھرىي چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، چېچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەجۋىي چۆچەكلەر، تېپىشماقلىق چۆچەكلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق چۆچەك

كىرگۈزۈلگەن ۋە مۇناسىپ قىزىقارلىق قىستۇرما رەسىملەر سەپلەنگەن.

ئىشىنىمىزكى، بۇ بىر يۈرۈش كىتاب خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ ۋە رەڭدار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ مول ۋە رەڭدار ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلار بۇ كىتابلىرىمىزدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، تارىخىي، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئىلھامغا ئېرىشەلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتىكى ئاساسىي مۇددىئايىمىزمۇ دەل مۇشۇ.



# مۇندەرىجە


كىشىنىڭ ھەققى ........................ 1
گىلەمچى يىگىت ........................ 6
قارا نىيەت ئايال ........................ 14
قارىنىڭ تەدبىرى ........................ 16
ئەرئاسمىنىنىڭ سوۋغىتى ..................... 18
مەككار خوتۇنىنىڭ ئاقىۋىتى ..................... 21
كۆڭلەك ........................ 33
ۋاپاسىز ئوغۇللار ........................ 35
ھەركىم قىلسا ئۆزىگە ........................ 48
ھۈنەر ........................ 53
دېھقان ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ..................... 60
ئاكا - ئۇكا ........................ 63
سىلىقلىقىدىن ئىللىقلىقى ياخشى .................. 70
ئادىل ھەم دادىل ۋەزىر ..................... 76
ھەسرەت ........................ 80
نىيىتى يامان ئەجەلىدىن بۇرۇن ئۆلەر ........ 87
تۇغقانلىق رىشتى ........................ 89
تۆت تال بۇغداي ........................ 96
ئۈچ شەرت ........................ 98
تاش قازى ........................ 102
ئالتۇن قول ........................ 106
بەختىنى تاپقان بالىلار ..................... 110

ئىسىمدىكى ھېكمەتلەر ........................115
مېيىپ بالا ........................118
بايىزەك ........................120
ئانا ـ بالا ........................124
غەم دېگەن شۇنداق بولسا ........................128
يالتايغاق بوۋاي ........................134
كۆگۈل ........................137
ئاچچىق ساۋاق ........................141
پادىشاھ بىلەن باققال ........................145

# كىشىنىڭ ھەققى

بۇرۇنقى زاماندا مۇسا ۋە ئەيسا دېگەن ئىككى يىگىت ئاغىنە بولۇپ ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇسا بىلەن ئەيسا كىشىنىڭ ھەققى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ قاپتۇ. مۇسا ئەيسادىن:

— ئاداش، كىشىنىڭ ھەققى زادى كىشىدە قالامدۇ، قالمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئايلار، يىللار ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمما كىشىنىڭ ھەققى كىشىدە قالمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەيسا.

— ئەمىسە مۇشۇ سۆزۈڭنى بىرەر كارامەت كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئىسپاتلاپ باققىنا، — دەپتۇ مۇسا.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ئەيسا رازى بولۇپ ، — سەن كەينىڭگە بەش قەدەم چېكىنىپ ئارقاڭغا بۇرۇل.

مۇسا ئارقىسىغا شۇنداق بۇرۇلۇپتىكەن، ئالدىدا ياپيېشىل مەنزىرىلىك بىر شەھەر تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەيسا مۇسانىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ھېكايە ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ھېكايىسىدە بايان قىلىنغان نەرسىلەر مۇساغا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

سەن كۆرۈپ تۇرغان مانا مۇشۇ چىرايلىق شەھەردە بىر كاتتا سودىگەر ياشىغانىكەن، — دەپ ھېكايە باشلاپتۇ ئەيسا، —

ئۇ سودىگەر ئىنساپسىز ھەم ئاچ كۆز ئىكەن. بىر ياغاچچى بۇ سودىگەرگە بەش يىل ئىشلەپ، ئىش ھەققىنى ئالىدىغان چاغدا ئۆلۈپ قاپتۇ. سودىگەر ئۇنى كۆمۈپ قويۇپ، تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كېلىپلا يۇرت كاتتىلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ زىياپەت بېرىپ ئوبدان مېھمان قىپتۇ، ئاخىردا مۇنداق مۇراجىئەت قىپتۇ:

— ئى جامائەت، ھەممىڭلارغا مەلۇمكى، رەھمەتلىك ياغاچچى ماڭا بەش يىل ئىشلىگەن، ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچىكى، پۈتكۈل خىراجىتى مەندىن بولغان، يەيدىغىنىنى يەپ، ئالىدىغىنىنى ئېلىپ بولغانىدى، مەندە ھېچقانداق ھەققى قالمىدى. مۇبادا كۈنلەردىن بىر كۈنلىرى بۇ ياغاچچىنىڭ ئىگىسى چىقىپ قېلىپ، مېنىڭدىن ئۇنىڭ ھەققىنى ئالىمەن دېسە، سىلەر گۇۋاھ بولۇڭلار.

— بەش يىلدىن بۇيان سىلىنىڭ تۇزلىرىنى يېگەن تۇرسا، ئۇنىڭ يەنە نېمە ھەققى قالسۇن؟ ھەرقانداق ئادەم كەلسە، بىز گۇۋاھلىقتىن ئۆتىمىز، — دېيىشىپتۇ يۇرت كاتتىلىرى.

سودىگەر، بۇ ئىشتىن ئەجەب ئوبدان قۇتۇلدۇم، ئەمدى ياغاچچىنىڭ ئەۋلادلىرى دەۋا قىلىپ كېلىپ قالسىمۇ، جامائەتكە ئىتتىرىپ قويۇپلا تۈگىشىدىغان بولدۇم، دەپ خۇرسەن بوپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم يۈرۈۋېرىپتۇ.

سودىگەر بىر كۈنى ئىككىنچى بىر شەھەرگە سودىگەرچىلىككە بارماقچى بوپتۇ. ئوتتۇز سەر ئالتۇننى پوتىسىغا تۈگۈپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. يولدا ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتىپتۇ. تەرلەپ كەتكەن سودىگەر ئېتىنى چۆپكە قويۇۋېتىپ، ئۆزى ئېرىق بويىدىكى قارىياغاچنىڭ تۈۋىگە كېلىپ بىرپەس ئۇخلىماقچى بوپتۇ، بىراق ھېلىقى پوتىغا تۈگۈۋالغان ئالتۇنى بىقىنىغا پېتىپ زادىلا ئۇخلاتماپتۇ. ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ پوتىنى بې-

لىدىن يېشىپتۇ. بۇ دەشت ـ باياۋاندا كىم ئىلىۋالاتتى، دەپ
ئويلاپ، دەرەخ شېخىغا ئېلىپ قويۇپ، يېتىپلا ئۇخلاپ كې-
تىپتۇ. بىرھازادا كۆزىنى ئاچسا كەچ كىرىپ قالغان. ئاللاھۇ-
ئەكبەر، نېمانچە ئۇخلاپ كەتكەندىمەن، دەپ ئورنىدىن چاچراپ
تۇرۇپ قامچىسىنى قولىغا ئاپتۇ، ئالدىراپ ـ سالدىراپ بېرىپ
توقۇقلۇق ئېتىغا مىنىپتۇ ـ دە، ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپ-
تۇ. ھېلىقى ئالتۇن چىگىلگەن پوتا شاختا قاپتۇ.

سودىگەر كەتكەندىن كېيىن، بىر ياغاچچى بالا جابدۇقلى-
رىنى كۆتۈرۈپ، ھېلىقى دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ ئارام ئېلىشقا
ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ قىرغا بېشىنى قويۇپ، ئاسمانغا قاراپ ياتقا-
نىكەن، كۆزى دەرەخ شېخىدا ئىلىقلىق تۇرغان پوتىغا چۈ-
شۈپتۇ، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ پوتىنى قولىغا ئاپتۇ، ئۇنى
يەشسە، كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، ساپسېرىق ئالتۇن چىقىپتۇ.
ياغاچچى بالا: «خۇدايىم بەردى» دەپتۇ ـ دە، تۇيۇقسىز كەلگەن
بۇ ئامەتتىن ئالەمچە خۇشاللىقتا چۆمۈپ، يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى سودىگەردىن ئاڭلا:

سودىگەر شۇ يەردىن قوپقانچە توختىماي مېڭىپتۇ. قاراڭ-
غۇ چۈشكەنسېرى قونالغۇغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئال-
دىراپتۇ. يېرىم كېچىلەر بىلەن ئاران دېگەندە بىر ئۆتەڭگە
يېتىپ بېرىۋاپتۇ. ئەتىسى سەھەردە ھېلىقى پوتىدىكى ئالتۇنى
ئېسىگە كېلىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ ـ دە، بېلىنى
سىلاپتۇ، قارىسا پوتا يوق. شۇ ھامان پۇتۇن بەدىنىدىن ئاچ-
چىق تەر چىقىپ، پۇتلىرى تىترەپ كېتىپتۇ، ئاتقا مىنىپتۇ ـ
دە، ئارقىسىغا قايتىپ ھېلىقى قارىياغاچ تۈۋىگە كەپتۇ. ئۇ
كەلگەندە دەرەخ تۈۋىدە بىر بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ دەم ئې-
لىپ ئولتۇرغانىكەن. شاختا ئېلىپ قويغان پوتا كۆرۈنمەپتۇ.
ئۇ ئۇيان ـ بۇيانىنى ئىزدەپتۇ.



— بىرنىمىڭىز يىتىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— ماۋۇ شاخقا پوتىغا تۇگۇلگەن بىرنىمىنى ئېسىپ قويۇۋىدىم، يوق تۇرىدۇ، سىز كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سودىگەر.

— كۆرمىدىم. ئەمدى كېلىپ ئولتۇرۇشۇم، تېخى شاخقا قارىغۇچىلىكمۇ بولمىدىم، ئۇكام، — دەپتۇ بوۋاي.

— راستىڭىزنى ئېيتىڭ، سۆيۈنچە بېرىمەن.

— ئىللا - بىللا كۆرمىدىم.

— ئەمىسە شەيتان ئېلىپ كېتەمدۇ؟

— ۋاي توۋا، مەن كۆرمىدىم.

— راستىڭنى ئېيت، بىئەجەل ئۆلسەن، قېرى !

— ھوي، قانداق ئۆكتەم نېمىسەن؟

— كۆرمىگەن بولساڭ، مانا ! — سودىگەر پىچىقىنى ئېلىپ بوۋاينى بوغۇزلىۋېتىپتۇ...

ئەيسا ھېكايىسىنى تۈگىتىپ:

— ئەمدى ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ، ئۆز ئورنۇڭغا كېلىپ تۇرساڭ بولىدۇ، — دەپتۇ مۇساغا.

مۇسا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— سودىگەرنىڭ ئالتۇننى ياغاچچى بالا ئېلىپ كەتسە، سودىگەر ئاچچىقىدا بىگۇناھ بوۋاينى ئۆلتۈرۈۋەتتى، بۇ قانداق بولغىنى؟ — دەپتۇ.

— ئەمدى بۇنى مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي، — دەپتۇ ئەيسا، — ئالتۇننى ئەكەتكەن بالا ھېلىقى سودىگەرنىڭ قولىدا ئىشلەپ ئۆلۈپ كەتكەن ياغاچچىنىڭ ئوغلى بولىدۇ. ئۆلگەن بوۋاي بولسا، بۇرۇن مۇشۇ سودىگەرنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاراقچى ئىدى. پۇل ئىگىسىگە تاپشۇرۇلدى، سودىگەر دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدى. ئەمدى سەن دەپ باققىنا، كىشىنىڭ ھەققى كىشىدە قالامدىكەن؟

مۇسا قايىل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— كىشىنىڭ ھەققى زادى كىشىدە قالمايدىكەن، ئوخشاش بولمىغان يوللار بىلەن ھامان تۆلىنىدىكەن، — دەپتۇ.



# گىلەمچى يىگىت

ئاتام زامانىسىدا بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىرلا قىزى بولغاچقا، كۆزىگە قاراپ، بېشىنى كۈنگە ئۈچ ۋاق تاراپ، يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ چوڭ قىپتۇ. قىز رەسىدە بوپتۇ. باي دەسلەپ، ئۆزۈمگە ئوخشاش تولغان بايغا ياتلىق قىلىمەن دەپ، قىز كۆرگىلى كەلگەنلەرنى دەرۋازا سىرتىدىن قايتۇرۇپتۇ. كېيىن دەرۋازىنى ئاچماي بولماپتۇ.

— ھەي خوتۇن، — دەپتۇ باي بىر كۈنى قىزىنىڭ ئانىسىغا ئاچچىقلاپ، — قىز تاپقانغا تويغۇزۇشىدىغان ئوخشىمامسەن مېنى؟ يىغقان بايلىقىم كۈيئوغۇل بولغۇچىلارغا داستىخان سېلىپ تۈگەۋاتسا، مۆرىمەي ئولتۇرۇشىسەنغۇ؟! قىزىڭغا ئېيت، مېنى بالدۇرراق بىكار قىلسۇن!

ئانا باينىڭ گېپىنى قىزغا يەتكۈزۈپتۇ ۋە:

— قىزىم، ھەممىسى ئالدىڭدىن ئۆتتى. ئاتاڭنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان باي يوقكەن. نېمە ئىلاج، باينىڭ ئوغلىدىن بىرنى تاللىساڭ، بېشىڭنى ۋاقتىدا ئوڭشاپ قويساق، — دەپتۇ.

— باي دادامدەك پىخسىق بولىدىغان بولسا، بايغا تەگمەيمەن، — دەپتۇ قىز.

— ئۇنداق بولسا، سودىگەرگە تەگكىن.

— جېنىم ئانا، سودىگەرنىڭ ئىشى ھېيلىگەرنىڭ ئىشى، تۆمۈردۇر ئۇنىڭ چىشى، ئۇنداقلارنىمۇ كۆزۈم كۆرمىسۇن، — دەپتۇ قىز. ئانا چالۋاقاپ سوراپتۇ:

— بايغىمۇ تەگمىسەڭ، سودىگەرگىمۇ تەگمىسەڭ، شەھەر ئامبىلىنىڭ بەگزادىسىگە تېگەمسەن ئەمىسە؟

— ئامبال دەمسىنا؟ — ياندۇرۇپ سوراپتۇ قىز، — بىلسەڭ، تاتلىق ئانا، سېنىڭ ئۇ بەگزادەڭ ئۆتۈپ كەتكەن قاقۋاش كاداڭ، نەپسى يوغان باداڭ، ئۇنىڭغىمۇ تەگمەيمەن. مېنىڭ كۆڭلۈم ھۈنەرۋەننى تارتىدۇ.

— ھۈنەرۋەن؟ كۆڭلۈڭ ئاشۇ كوچىدىكى سولتەكلەرنى تارتامدۇ؟ خەپ، داداڭغا ئېيتىپ، تۇغۇلغىنىڭغا تويغۇزمىسام، — ئانا قىزنى دۆشكەلەپ، باينىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كىرىپ دادخورلۇق قىپتۇ. باي قىزنى ھارغۇچە سوتلاپتۇ. قىز بولسا، ئۆز گېپىدىن تايماپتۇ.



— نېمە قىلساڭ قىل، لېكىن مۇشۇ دەق-

قىدىن باشلاپ سەن مېنىڭ پۇشتۇم ئەمەس، مەن سېنىڭ داداڭ ئەمەس، كۆزۈمدىن يوقال ! — دەپتۇ باي قىزىغا كايىپ.

ئانا باينى گەپكە كۆندۈرەلمەپتۇ. قىز نائىلاج بوغچىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ يولغا چىقىپتۇ. ئانا كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

— ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، بىزگىمۇ قىلدىڭ، بالام، خەير، يولۇڭ بولسۇن، — دەپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

قىز مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىر ئاۋات بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ، بويىنىنى قىسىپ كوچا ئارىلاپتۇ. ئۇ تۇماقچى، بوياقچى، ئۆتۈكچى، ماتاچى، ئاشپەز، ناۋاي...لارغا سەپسېلىپ كېتىۋېتىپتىكەن، كوچا مەركىزىدە بىر توپ ئادەم دۈۋىلىشىپ تۇرغۇدەك. قىز توپقا قېتىلىپ، سىغدىلىپ ئالدىغا ئۆتۈپتۇ، قارىسا، قەلەم قاشلىق، قوي كۆزلۈك، مەڭزى توغاچتەك، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان قاۋۇل بىر يىگىت كۆزنىڭ يېغىنى يېگۇدەك بىر پارچە گىلەمنى يېيىپ قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. كىشىلەر تالىشىپ سودا قىلىۋېتىپتۇ. قىز پەرەنجىسىنى ئاستا قايرىپ، گىلەمنى سىلاپ تۇرۇپ يىگىتتىن سوراپتۇ:

— ئۆزلىرى توقۇغانمۇ؟

— ھەئە، ئۆزۈم توقۇغان، — دەپتۇ يىگىت جاۋابەن، — شۇغىنىسى قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولغۇدەك يا بىرەر شاگىرتىم، يا يىپ ئېگىرىپ بەرگۇدەك جورا ـ ھەمراھىم يوق، دۇكاندا مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىمەن دېسىلە، خېنىم.

— يىپلىرىنى مەن ئېگىرىپ بەرسەم، قوبۇل كۆرەرلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قىز. يىگىت تەزىم قىلىپ:

— مىڭ مەرتە، تۈمەن مىڭ مەرتە قوبۇل قىلمامدىغان ! — دەپتۇ ۋە گىلەمنى ئېلىشقا سېتىپ، قىزنى ئۆيىگە باشلاپ مېڭىپتۇ.

گىلەمچى يىگىتنىڭ ئىسمى لوقمان، قىزنىڭ ئىسمى بۇھەجەر ئىكەن. ئۇلار يول بويى ھال - مۇڭ ئېيتىشىپ، بىر - بىرىگە ئاشىقى بىقارار بولۇشۇپ قاپتۇ. لوقمان بىر قازان پولۇ ئېتىپ، مەھەللە - كويلىرىنى چاقىرىپ، پەتىسىنى قىلدۇرۇپ بۇھەجەرنى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇھەجەر يىپ ئېگىرىپ، بوياپ ھارماپتۇ، بازار سودىسىغىمۇ پىشىپتۇ. لوقمان دۇكاندىن چىقماي گىلەم توقۇپتۇ. بىر يىل توقۇپتۇ، ئىككى يىل توقۇپتۇ، ئون يىل توقۇپتۇ. گىلەمنىڭ بازىرى سۇرۇپ، لوقمان بېيىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بۇھەجەرگە:

— ھۇنەرمۇ قىپتۇق، پۇلمۇ تېپىپتۇق، ئەمدى ئۇنىڭ مېغىزىنى چاقساق. شەھەردە دۇكان ئېچىپ بەرسەم، سىلى ئولتۇرۇپ گىلەم، يىپ ساتساڭلا، گىلەمنى نىمكارلىرىم توقۇسا، مەن شەھەر كۆرگەچ ئالەمنى بىر ئايلىنىپ كەلسەم، — دەپتۇ.

بۇھەجەر قوشۇلۇپتۇ. لوقمان پۇختا تەييارلىنىپ، قېچىرلارغا مال ئارتىپ، ئۆزى ئارغىماققا مىنىپ مەشرىققە قاراپ يول ئاپتۇ، يول يۇرۇپتۇ، يول يۇرسىمۇ مول يۇرۇپتۇ، يەتتىنچى كۈنى بىر ئۆتەڭگە كېلىپ، يۈك - تاقلىرىنى ئەمدى چۈشۈرۈپ تۇرۇشىغا قىرىق قاراقچى باستۇرۇپ كەپتۇ - دە، مال - مۈلۈك، پۇل - پۇچەك، ئات - قېچىرلارنىڭ بىرىنى قويماي بۇلاپتۇ. نۆۋەت لوقمانغا كەپتۇ.

— ھەي سودىگەر يىگىت، — دەپتۇ قاراقچىلار باشلىقى قىلىچىنى پارقىرىتىپ، — بۈگۈن ئەجىلىڭ توشتى ! چاناپ ئۆلتۈرەيمۇ ياكى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرەيمۇ؟ جاۋابىڭغا خۇشتارمەن.

— بوينۇم قىلدا باغلاقلىق، لېكىن بىر شەرتىم بار: خوتۇنۇمنى كۆرۈۋالاي، ۋەسىيەتلىرىم بار دەۋالاي، ئاندىن قانداق

ئۆلتۈرۈشنى خالىساڭلار، شۇنداق ئۆلتۈرۈڭلار، — دەپتۇ يىگىت بېشىنى ئېگىپ.

قاراقچىلار باشلىقى:

— قولۇمغا چۈشكەنلەرنى تىرىك قويۇۋەتكەن ئەمەسمەن. بوپتۇ، ئۆلۈكۈڭ بولسىمۇ، خوتۇنۇڭ بىلەن دىدارلىشىۋالسۇن، — دەپتۇ ۋە شېرىكلىرىگە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، — بۇنى ئۆز ئېتىنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ ئۈزىتىپ قويۇڭلار.

— خوپ، تەقسىر! — قاراقچىلار قىلىچلىرىنى قىنىغا سېلىپ، لوقماننى چىرقىرىتىپ باغلاپ، دارقىرىتىپ سۆرەپ ئاتنىڭ قېشىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇ ئەسنادا قاراقچىلار باشلىقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى ئەقىل كۆرسىتىپ دەپتۇ:

— بۇ يىگىت سودىگەر ئەمەس، ھۈنەرۋەندەك قىلىدۇ. ئەكېتىپ ھۈنەر قىلدۇرساق، بىزمۇ ئاچ - توق قالماس ئىدۇق.

قاراقچىلار باشلىقى ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپتۇ. لوقماننى بوشىتىپ سوراپتۇ:

— نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن؟

— ھۈنەرۋەنمەن، تەقسىر.

— نېمە ھۈنىرىڭ بار؟

— گىلەم توقۇيالايمەن، يىپ ئېگىرىپ بويىيالايمەن.

قاراقچىلار لوقماننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ، ئۇنى بىللە ئەكېتىپتۇ. ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئۆڭكۈرگە بېرىپ، ئۇلجا ئالغان يېمەكلىكلەرنى بۆلاپ - تالاپ يېيىشىپ، قورسىقىنى راسا تويغۇزۇشۇپتۇ، ئاندىن قاراقچىلار باشلىقى ئۈچىنى كېكىرىپ، بۇرۇتىنى تولغاپ قولىقىغا ئالماپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— ھەي يىگىت، ھۈنىرىڭنى كۆرسەت، مەن كۆرەي.

لوقمان گىلەمنى ھەر خىل يىپ، دۇكان، ئەسۋاب بولمىسا، توقۇغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قاراقچىلار باشلىقىنىڭ

سەپرايى ئۆرلەپ كايىپتۇ، ئۇ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ شىلتىماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ھېلىقى مەسلىھەتچى توسۇپ:

— تەقسىر، ئۇنىڭ دېگەنلىرى توغرا، يىپ، ئەسۋاب تېپىپ بېرەيلى، — دەپتىكەن، قاراقچىلار باشلىقى ماقۇلغا كەپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ھەي گالۋاڭ يىگىت، سەن ئېيتقان نەرسىلەر نەدە بار؟ تېز ئېيت!

— مەغرىبتىكى شەھەردە بىر ئايال ساتىدۇ، يىپلىرى خىل، ئەسۋاب - جابدۇقلىرى تەخ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ لوقمان.

قاراقچىلار باشلىقى تۆت قاراقچىنى بايۋەچچىدەك كىيىندۈرۈپتۇ. لوقمان قاراقچىلار بۇلىۋالغان گىلەم خۇرجۇننى ئالدۇرۇپ چىقىپ، رەڭدار ئارقاق يىپىدىن بىر تالدىن سۇغۇرۇپ، ئۆرۈش يىپىدىن ھەم ئالدۇرۇپ قاراقچىلارغا تۇتقۇزۇپتۇ، ئەسۋاب نۇسخىسىنىمۇ بېرىپتۇ. تۆت قاراقچى مەغرىبتىكى شەھەرگە قاراپ يولۇپ كېتىپتۇ. شەھەردە بۇھەجەرنىڭ دۇكىنىدىن باشقا گىلەم - يىپ ساتىدىغان دۇكان يوق ئىكەن. بۇھەجەر قاراقچىلار ئەكەلگەن يىپ، ئەسۋاب نۇسخىسىنى كۆرۈپ، ئېرىم گىلەمچىلىك دۇكىنى قۇرماقچى ئوخشايدۇ، بۇلار ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئەڭ ئېسىل، رەڭدار يىپ خىللىرىدىن ئىككى قاپ بېرىپتۇ، ئەسۋاب - جابدۇقنىمۇ كېچىكتۈرمەپتۇ، قاراقچىلارنى مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

قاراقچىلار باشلىقى لوقماننى ئۆڭكۈردىكى ئەڭ ئىچكىرى «كىرىشى بار، چىقىشى يوق» بىر ئۆيدە گىلەم توقۇشقا بۇيرۇپتۇ. لوقمان كېلىشتۈرۈپ بىر پارچە گىلەم توقۇپتۇ. گىلەمگە ئۆزىنىڭ قەيەردە، قانداقسىگە قاراقچىلارنىڭ قولىغا



چۈشۈپ قالغانلىقى، گىلەم ساتقىلى بارغانلارنىڭ قاراقچى ئىد-
كەنلىكىنى خەت بىلەن ئىزھار قىپتۇ، قاراقچىلار تۇرۇشلۇق
جاي ۋە ئۆزى قامالغان ئۆينىڭ، يولنىڭ خەرىتىلىرىنى چۈ-
شۈرۈپتۇ، قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىپتۇ. گىلەمگە سۇ پۈركۈپ
ئېغىرلاشتۇرۇپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى ئىككى قاراقچىنى گى-
لەمنى سېتىپ كېلىشكە تەيىنلەپتۇ. ئىككىسى كۆتۈرەلمەپتۇ،
تۆتى كۆتۈرەلمەپتۇ، ئالتىسى كۆتۈرەلمەپتۇ، ئاخىر سەككىزى
كۆتۈرۈپ شەھەرگە ئېلىپ مېڭىپتۇ ۋە بۇھەجەرنىڭ دۇكىنىغا
ئاپىرىپتۇ. بۇھەجەر گىلەمدىكى خەتلەرنى ئوقۇپ، خەرىتىلەرنى
كۆرۈپ ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ، گىلەم ساتقىلى كەلگەن سەك-
كىز قاراقچىنى مېھمانغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆيگە سولاپ يوقى-
تىپتۇ، ئاندىن لوقماننىڭ ۋاپادار دوست - يارەنلىرىدىن ئات-
مىشنى تاللاپ، ئارغىماقلارغا مىندۈرۈپ، ئۆزى سەردار بولۇپ
قاراقچىلار ماكانىغا قاراپ ئات سېپتۇ.

قاراقچىلار گىلەم ساتقىلى كەتكەن ھەمراھلىرىنىڭ يولى-

غا قاراپ، ئاچلىقتىن لەۋلىرىنى شوراپ، گەمىلىرىدىن چىقىپ ئۆتەڭدە كارۋان ساقلاپ تۇرۇشقىنىدا، بۇھەجەرلەر دەشتىنى چاڭ كەلتۇرۇپ، قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، ئۇچقاندەك يېتىپ كەپتۇ.

— سىلەر قايسى پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى؟ نەگە بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ قاراقچىلار باشلىقى بۇھەجەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ. بۇھەجەر:

— پېقىر سېنىڭ قولۇڭدىكى گىلەمچى يىگىتنىڭ خوتۇنى، بۇ يىگىتلەر ئۇنىڭ دوستلىرى، — دەپتۇ - دە، قىلىچىنى بىر شىلتىپ قاراقچىلار باشلىقىنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. قالغان قاراقچىلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ بۇھەجەرگە ئېتىلىپتۇ. لوقماننىڭ دوستلىرى ئارغىماقلىرىنى چاپتۇرۇپ، قىلىچ - نەيزىلىرىنى ئوينىتىپ، قاراقچىلار سېپىگە بۆسۈپ كىرىپتۇ. جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ.

قىلىچ - نەيزىۋازلىق ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋاملىشىپتۇ. بۇھەجەرلەر قاراقچىلارنى يېغىشتۇرۇپ، ئۆتەڭنى تىنچلاندۇرۇپتۇ، قاراقچىلارنىڭ ئۆڭكۈر - لەخملىرىنى تىنتىپ، لوقماننى قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ.

لوقمان بىلەن بۇھەجەرنىڭ شەھەردىكى گىلەمچىلىك ھۈنىرى يېڭىۋاشتىن گۈللىنىپ كېتىپتۇ. باللىرىمۇ چوڭ بولۇپ، ئىمكارلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بۇھەجەرنىڭ ئاتا - ئانىسى قىلغان - ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان ئەيلەپ: «ھۈنەرۋەننىڭ قولى گۈل، ئۆمرى ئۇزۇن بولىدىكەن» دېيىشىپتۇ ۋە سۇنغان ھالىنى ئوڭشىماق بولۇپ، لوقماندىن ھۈنەر ئۆگىنىپ قويۇشنى ئۆتۈنمەك بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇلار بىر ئائىلىگە جەم بولۇپ، بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىپ، گىلەمچىلىك ھۈنىرى بىلەن باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆتكەنىكەن.

# قارانىيەت ئايال

قەدىمكى زاماندا بىر خوتۇن ئۆز ھەقەمسايىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغانىكەن. بىر كېچىسى ئۇ ناھايىتى كۆپ مەي ئىچىپ مەست بولۇپ، ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بالىنىڭ جەسىتىنى ھەقەمسايىسىنىڭ ھويلىسىغا تاشلاپ قويۇپتۇ. ئەتىسى: «مېنىڭ بالامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دەپ، ھەقەمسايىسىگە تۆھمەت قىلىپ، قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز ـ شىكايەت قىپتۇ. قازى ئۇنىڭ ھەقەمسايىسىنى چاقىرتقۇزۇپ سوراق قىلىپ قورقۇتۇپتۇ:

— راست گەپ قىل، بولمىسا، ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن، — دەپ تەھدىت ساپتۇ، لېكىن ئۇ خوتۇن قەسەم ئىچىپ زادىلا ئىقرار قىلماپتۇ. قازى:

— ئەگەر سەن مېنىڭ ئالدىمدا قىپيالىڭاچ بولالىساڭ، سۆزۈڭگە ئىشىنىمەن، — دەپتۇ. ئۇ خوتۇن ئۇيىلىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:

— مەن ئۆلۈمگە رازىمەنكى، يالىڭاچ بولمايمەن، — دەپتۇ. قازى ئۇنى چىقىرىۋېتىپ، ئۆز بالىسىنى ئۆلتۈرگەن خوتۇننى چاقىرتىپ:

— ئەگەر سەن مېنىڭ ئالدىمدا يالىڭاچ بولالىساڭ، سۆزۈڭگە ئىشىنىمەن، — دەپتۇ. ئۇ خوتۇن ئۇيالماستىنلا يېشىـ

نىپ يالىڭاچ بوپتۇ. قازى بۇنى كۆرۈپ، ئۇنى دەرھال دەررە ئاستىغا ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ خوتۇن تاياققا چىدىماي ئۆزد- نىڭ بالىسىنى ئۆزى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىپتۇ. قازى ئۇنى دارغا ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ.



# قازىنىڭ تەدبىرى

قەدىمكى زاماندا بىر كىشى سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ، ئائىلە مال ـ مۈلۈكلىرىنى شۇ يېزىدىكى بىر موللامغا ئامانەت قويۇپتۇ. ئۇ كىشى سەپەردىن قايتىپ كېلىپ، موللامدىن مال ـ مۈلۈكلىرىنى تەلەپ قىلسا، موللام تېنىۋاپتۇ، ھەتتا موللام ئۇ كىشىنى يالغانچى قىلىپ قەسەم ئىچىپتۇ. مال ئامانەت قويغۇچى كىشى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. قازى ئويلىنىپ كۆرۈپ:

— بۇ گەپنى ھېچقانداق كىشىگە ئېيتمىغىن، مال ـ مۈلۈكلىرىڭنى ئېلىپ بېرىشكە بىر چارە ئىزدەپ باقاي، — دەپتۇ.

ئەتىسى قازى موللامنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— مېنىڭ ئالدىمغا كېلىدىغان دەۋاگەر كۆپىيىپ كەتتى، ئۆزۈم يالغۇز ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالدىم. سېنى ئۆزۈمگە ياردەمچى قازى قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم، چۈنكى سەن ناھايىتى ئىنساپلىق ئادەمسەن، — دەپتۇ. موللام ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. قازى موللامنى ئۆيىگە يولغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، مال ئامانەت قويغۇچى كىشىنى چاقىرتقۇزۇپ كېلىپ:

— سەن ئەمدى بېرىپ مال ـ مۈلكۈڭنى موللامدىن تە-

لەپ قىلغىن، قايتۇرۇپ بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ-
تۇ. ئۇ ئادەم موللامىنىڭ قېشىغا كەلگەنىكەن، موللام ئۇنى
كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كېلىڭ، كېلىڭ، ئېلگىرى مال ئامانەت قويغىنىڭىزنى
يادىمدىن چىقىرىپ قويغانىكەنمەن، بۈگۈن بىر كۈن ئويلاپ
يادىمغا چۈشتى، — دەپ ئامانەت قويغان پۈتۈن مۈلكىنى قاي-
تۇرۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن موللام ياردەمچى قازى بولۇش
ئۈمىدىدە قازىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قازى ئۇنىڭغا:

— بۈگۈن مەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغانىدىم، پادىشاھ
ساڭا چوڭ مەنسەپ بېرىشنى مەسلىھەت قىلغانلىقىنى ئېيت-
تى. خۇداغا شۈكۈر قىلىپ تۇرساڭ، زور مەرتىۋىگە ئېرىشى-
دىغاندەك تۇرىسەن. ئەمدى مەنمۇ ياردەمچى قازىلىققا باشقا ئا-
دەم ئىزدەيدىغان بولدۇم، — دەپتۇ.

موللام شۇنىڭدىن باشلاپ چوڭ مەنسەپنىڭ تەمەسىدە، پا-
دىشاھنىڭ نەزەرىگە ئېلىنىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر نۇرغۇن ياخ-
شى ئىشلارنى قىپتۇ.

# ئەرئاسىمنىڭ سوۋغىتى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا ئەرئاسىم ئىسىملىك بىر پادىچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆمۈر بويى چەكسىز كەتكەن چۆل ـ جەزىرىدە ئاچچىق سۇ ئىچىپ هايات كەچۈردىكەن، ئۆمرىدە بىرەر قېتىم تاتلىق سۇ ئىچىپ باقمىغانىكەن.

ئاي، يىللار ئۆتۈپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە چۆلدە قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ، بىر كۆلچەككە لىققىدە يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قاپتۇ. ئەرئاسىم دۈم يېتىپ كۆلچەكتىكى يامغۇر سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپتۇ، بۇ سۇ ئۇنىڭغا ناهايىتى تەملىك تېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇ دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق سۇ بولمىسا كېرەك، بۇ سۇدىن پادىشاهقا سوۋغات قىلسام، پادىشاه چوقۇم مەندىن خۇشال بولىدۇ، دېگەن ئويغا كەپتۇ ـ دە، يامغۇر سۈيىنى تۇلۇمغا توشقۇچە قاچىلاپ ئېشەككە ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ.

بىرنەچچە كۈن جاپالىق يول يۈرگەندىن كېيىن شەهەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئوردا ئىشىكىگە كېلىپ نۆكەرلەرگە پادىشاه بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. نۆكەرلەر ئۇنى زادى كىرگىلى قويماپتۇ. ئەرئاسىم چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. نۆكەرلەر ئاخىر پادىشاهقا ئەهۋالنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشاه بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. ئەرئاسىم پادىشاهنىڭ

ئالدىغا كىرگەنكەن، پادىشاھ:

— ئەي يىگىت، نېمە ئەرزىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەرئاسىم:

— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، مېنىڭ ھېچ ئەرزىم يوق، پەقەت ئالىيلىرى ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك يولدىن ئازراق سوۋغات ئېلىپ كەلگەنىدىم، قوبۇل قىلغايلا، — دەپتۇ ھەم يامغۇر سۈيىنى تۇلۇم بىلەنلا پادىشاھقا ئىككى قوللاپ سۇنۇپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئۇنىڭ قولىدىن تۇلۇمنى ئېلىپ، سۇنى ئىچىپ كۆرۈپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ يامغۇر سۈيى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ، لېكىن ئەرئاسىمغا ئىنتايىن ئىللىقلىق بىلەن:



— ئەي يىگىت، ساڭا كۆپ رەھمەت، مەن بۇ سۇنى ھېچكىمگە بەرمەي ئۆزۈم ئىچىمەن، — دەپتۇ - دە، مولا - زىملارغا ئەرئاسىمغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىلىپ، ئۇنى ھازىرلا يولغا سېلىپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ. مولا - زىملار پەرماننى بەجا كەلتۈرۈپ ئەرئاسىمنى يولغا سېپتۇ. مۇلازىملار قايتىپ كىرىپ، بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان ھالدا پادىشاھتىن:

— ئەي پادىشاھ ئالىيلىرى، نېمە ئۈچۈن پادىچىنىڭ بىر تۇلۇم يامغۇر سۈيىگە شۇنچە كۆپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئىنئام قىلىلا ھەم نېمە ئۈچۈن ئۇنى بۇ جايدا تۇرغۇزماي دەرھال قايتۇرۇۋېتىلا ؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ مۇلازىملارغا بىرقۇر مەنىلىك قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— ھەي مۇلازىملار، سىلەر شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، ئەرئاسىم ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ۋە ساداقەتمەن ئا - دەم ئىكەن. چۈنكى، ئۇ ئۆمۈر بويى چۆل - جەزىرىدە ئاچچىق سۇ ئىچىپ يۇرگەچكە، بۇ يامغۇر سۈيىنى ئىچىپ كۆرۈپ، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق سۇ بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلى - غان، شۇڭا بۇنى سوۋغات قىلسا، مېنى خۇشال بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ سۇنى ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىن - ئام قىلدىم. ئۇنى بۇ جايدىن دەرھال قايتۇرۇۋەتكەنلىكىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەگەر ئۇ بۇ جايدىكى تاتلىق سۇلارنى ئىچىپ قالسا، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن خىجىل بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ خۇشال - خۇراملىق بىلەن قايتقىنى تۈزۈك، — دەپتۇ.

# مەككار خوتۇننىڭ ئاقىۋىتى

بۇرۇنقى زاماندا باغدات شەھىرىدە پەتتار دېگەن بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ مال - دۇنياسى ھەددى - ھېسابسىز بولۇپ، دۇنياغا بىھاجەت ئىكەن. ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بار بولۇپ، ئىسمى جاھانگىر ئىكەن. جاھانگىر كىچىكىدە ئانىسىدىن يېتىم قالغانىكەن. ئۇ ياۋاش چوڭ بولغاچقا، بۇنىڭدىن ئاتىسى پەتتارنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم ئىكەن.

بىر كۈنى سودىگەرلەر پەتتارغا مەسلىھەت بېرىپ:

— سىنىڭ مال - دۇنيالىرىڭ ھەددى - ھېسابسىزدۇر. ياش ئادەمگە باقماس. ئوغلۇڭ يېگانە بولغاندىكىن كۆزۈڭنىڭ ئوچۇقىدا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويساڭ، قانداق؟ — دېيىشىپتۇ. پەتتار ھەمراھلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل كۆرۈپ سەپەردىن قايتىپ كەپتۇ - دە، ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، مەن سېنى ئۆيلەپ قويماقچىمەن، رازىمۇسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوغلى جان دەپ قوشۇلۇپتۇ.

— خوتۇن ئېلىپ بېرىمەن، لېكىن بىر شەرتىم بار، — دەپتۇ پەتتار، — خوتۇنۇڭ ساق چىقسىمۇ، ماڭا دەيسەن، ساق چىقمىسىمۇ، ماڭا دەيسەن، ھەرگىز يالغان گەپ قىلمايسەن.

جاھانگىر ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ.

پەتتار ئەتىسىلا ئوغلىغا چىرايلىق بىر قىزنى ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە توينىڭ ئەتىسى سەھەردە:

— خوتۇنۇڭ ساق چىقتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جاھانگىر. پەتتار ئوغلىغا:

— هازىرلا خېتىنى بەرگىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ. جاھانگىر خوتۇنىنىڭ خېتىنى بېرىپتۇ. پەتتار ئوغلىغا يەنە بىر قىز ئېلىپ بېرىپتۇ، ئۇمۇ ساق چىقماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوغلىغا قىرىق قىز ئېلىپ بەرگەن بولسىمۇ، هېچقايسىسى ساق چىقماپتۇ. پەتتار ئوغلىغا قىرىق بىرىنچى قىزنى نىكاھلاپ ئېلىپ بېرىپ:

— بۇچۇ؟ راست گەپ قىل، ساق چىقمىغان بولسا، يەنە ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ. بۇ قىزمۇ ساق چىقماپتۇ، بىراق بۇ ئىشنى دادىسىغا ئېيتىۋېرىشتىن خىجىل بولغان جاھانگىر:

— بۇ قىز ساق چىقتى، — دەپ يالغان ئېيتىپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، ئەگەر يالغان گەپ قىلغان بولساڭ، كېيىن پۇشايمان قىلىسەن، چۈنكى مېنىڭ ساڭا ئاشكارا قىلمىغان بىر سىرىم بار، — دەپتۇ پەتتار. جاھانگىر سۆزىدە چىڭ تۇرۇپتۇ.

پەتتار شۇ كۈندىن باشلاپ خاتىرجەم بوپتۇ. بىر كۈنى ئوغلىنى بىر باهانە بىلەن يىراق بىر جايغا ئىشقا بۇيرۇۋېتىپ، كېلىنىگە:

— باغقا چىقىپ كېلەيلى، سىز بىلەن بىر ئىشىم بار ئىدى، — دەپتۇ.

— ئەي ئاتا، هېچقانداق ئاتا ئۆز پەرزەنتىنىڭ ھەققىگە قارا سانىماس، — دەپتۇ كېلىنى ھەيران قېلىپ.

— جاھانگىر مېنىڭ پەرزەنتىم، سىزمۇ ھەم شۇنداق. مېنىڭ بىر مەخپىي سىرىم بار ئىدى. سىزگە ئوغلۇمدىن

بەكرەك ئىشەنچ قىلغىنىم ئۈچۈن بۇ گەپنى دەۋاتىمەن، — دەپتۇ پەتتار ۋە كېلىنىنى باغقا باشلاپ ئىشىكنى مەھكەم تاقاپتۇ، ئاندىن كېلىنىنى باغنىڭ تۆرىدىكى بىر ئىشىكسىز ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن ئۆيگە كىرسە، ئىچكىرىسىدە يەنە بىر ساراي كۆرۈنۈپتۇ. پەتتار يېنىدىن بىر سىقىم ئاچقۇچنى ئېلىپ سارايىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. سارايىنىڭ تېگىدىن يەنە بىر كىچىك ئىشىك نامايان بوپتۇ. پەتتار يەنە بىر ئاچقۇچتا ئۇ ئىشىكنىمۇ ئېچىپ كېلىنىنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ - دە، قىرىق ساندۇقتا قالانغان لەئل - ياقۇت، جاۋاھىر، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى كېلىنىگە كۆرسىتىپ:

— ئەي قىزىم، ئوغلۇم دۆتەك چوڭ بولۇپ قالدى، بۇ خەزىنە ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، بۇزۇپ - چېچىۋېتىدۇ، شۇڭا بۇ مال - بىساتنى سىزگە تاپشۇرىمەن. بۇ سىرنى ھەرگىز جاھانگىرغا تىنغۇچى بولماڭ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بېشىڭلارغا كۈن چۈشۈپ قالغاندا خەج - خىراج قىلارسىلەر. مانا ئاچقۇچ، — دەپ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى كېلىنىگە تاپشۇرۇپتۇ. كېلىنى ئاچقۇچنى قېيناتىسىنىڭ قولىدىن ئاپتۇ - دە، شېرىن - تاتلىق سۆزلەر بىلەن نۇرغۇن ۋەدىلەرنى قىپتۇ. ئەمما، خۇدايىتائالا ماڭا تۇگىمەس مال - دۇنيا نېسىپ قىپتۇ. پات پۇرسەتتە ئالەمدىن ئۆتسەڭ، ئوغلۇڭدىن چىقىپ سېلىمغا تېگىپ مۇراد - مەقسىتىمگە يەتكەيمەن، دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

سېلىم مۇشۇ شەھەردىكى داڭلىق سودىگەرلەرنىڭ بىرى ئىكەن. پەتتارنىڭ كېلىنىنىڭ ئامانىتىنى ئەسلىي سېلىم ئۆز ۋاقتىدا ئېلىپ بولغانىكەن.

ئەلقىسسە: بىرقانچە زامان ئۆتكەندىن كېيىن پەتتار ئا-



لەمدىن ئۆتۈپ قىرىق كۈن بولا ـ بولمايلا جاھانگىرنىڭ خو-
تۈنى يېڭى ـ يېڭى خۇيلارنى چىقىرىشقا، كۈندىن ـ كۈنگە
بىشەملىشىشكە، جاھانگىرنى خارلاشقا باشلاپتۇ. جاھانگىرنىڭ
ھالى كۈندىن ـ كۈنگە خارابلىشىپتۇ. ئۆيدە ئېلىشقا ياكى
سېتىشقا يارىغۇدەك ھېچ نەرسە قالماپتۇ. جاھانگىرنىڭ خوتۇ-
نى ھەر كۈنى جېدەللىشىپ:

— ئەر بولساڭ، تۈزۈك بول، بولمىسا، سۆزۈمنى بەر! —
دەپ غوۋغا كۆتۈرۈپتۇ.

— ئەي جاھانگىر، — دەپتۇ خوتۇنى بىر كۈنى، — سې-
لىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ خوتۇنۇم سىزگە سالام ئېيتتى، سىزنى
بىر كېلىپ كەتسۇن دەيدۇ، دېگىن، — دەپ جاھانگىرنى سې-
لىمنىڭ يېنىغا بۇيرۇپتۇ. جاھانگىر خوتۇنىنىڭ ھەيۋىسىدىن
قورقۇپ سېلىمنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە:

— خوتۇنۇم سىزگە سالام ئېيتتى، بىر كېلىپ كەتسۇن
دەيدۇ، — دەپتۇ. سېلىم بازاردىن ھەر خىل نازۇنېمەتلەرنى

ئەكەلدۇرۇپ جاھانگىرنى راسا مېھمان قىلىپ يولغا ساپتۇ.

سېلىم خىزمەتكارىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— بازاردىن بىر سان گۆش، بىر قوينىڭ قۇيرۇقى، بىر پاتمان ئۇن، ئىككى پاتمان گۈرۈچ، بىر پاتمان ياغ ئېلىپ جاھانگىرنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپ، خوتۇنىغا مەندىن سالام دېيىشنى ئۇنتۇما، — دەپتۇ.

سېلىمنىڭ خىزمەتكارى بۇ نەرسىلەرنى شۇ كۈنىلا جاھانگىرنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ بېرىپتۇ ۋە خوتۇنىغا ئالاھىدە سالام ئېيتىپتۇ. بۇ نەرسىلەرنى كۆرگەن جاھانگىرنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ ئالدىدا:

— جاھاندا سېلىمدەك قابىل، سېخىي ئادەم يوق، — دەپ ماختىنىپ، سېلىمنى بىرھازا تەرىپلەپ كېتىپتۇ. ھېلىقى نەرسىلەرنىمۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا قولۇم - قوشنىلارغا ئۆلەشتۈرۈپ بېرىپ ئۆيىنى قۇرۇقداپ قويۇپ:

— مەن ساڭا كېرەك بولىدىغان بولسام، ئۆيگە يەيدىغان بىر نەرسە پەيدا قىل، بولمىسا، سۆزۈمنى بەر ! — دەپ يەنە غوۋغا كۆتۈرۈپتۇ.

بۇ مەككار خوتۇن سېلىمنىڭ ۋىسالىغا پاتراق مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن بىر كۈنىمۇ جىم ئۆتمەپتۇ. ئۇ يەنە بىر كۈنى سېلىمنىڭ ۋىسالىغا تەشنالىقىنى ئىزھار قىلىپ سېلىمغا جاھانگىردىن بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ. سېلىم خەتنى ئوقۇپ يۈرىكى ئويناپتۇ، جاھانگىرنى ئاۋۋالقىدىن بەكرەك مېھمان قىپتۇ. تائامدىن كېيىن سېلىم خىزمەتكارىنى چاقىرىپ جاھانگىرنىڭ ئۆيىگە ئاۋۋالقىدەك نەرسە - كېرەكلەرنى ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ، ئاندىن جاھانگىرغا:

— ئەي دوستۇم جاھانگىر، نېمە ئېھتىياجىڭ بولسا، قىلچە تارتىنماي قېشىمغا كېلىۋەرگىن، ھەرقانداق مۇشكۇ-

لۈڭنى ئاسان قىلىمەن، — دەپتۇ. جاھانگىر يەنە خامۇش قايتىپ كەپتۇ. ھېلىقى نەرسە ـ كېرەكلەرنى كۆرگەن خوتۇنى:

— سېلىم ئەجەب مەرد يىگىت. ئەر بولسا، ئاشۇ سېلىمدەك بولسا. سەن ئەتە بېرىپ سېلىمنى ئۆيگە چاقىرىپ كەل، — دەپتۇ.

ئەتىسى خوتۇنى يۇمشاق قاتلىما، پىشۇرۇلغان گۆشلەرنى جاھانگىرغا تۇتقۇزۇپ: «بۇنى سېلىمغا ئالغاچ بارغىن» دەپ، جاھانگىرنى سېلىمنىڭ ھۇزۇرىغا يولغا ساپتۇ. جاھانگىر لام ـ جىم دېيەلمەي، سېلىمنىڭ ئۆيىگە سالام بىلەن كىرىپ كەپتۇ. سېلىم جاھانگىرنى كۈتۈۋاپتۇ ۋە خىزمەتكاردىن يەنە نەرسە ـ كېرەك ئەۋەتىپتۇ.

— بىز بىچارىلەرنىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز، دەرقەمتە ئولتۇرۇپ غىزالانساق، — دەپتۇ جاھانگىر خوتۇنىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن.

— سىز بارغاچ تۇرۇڭ، — دەپتۇ سېلىم تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، — مەن شاراب ئەكەلدۈرۈپ، ئارقىڭىزدىنلا باراي.

جاھانگىر يولدا يامغۇردەك ياش تۆكۈپ كېتىۋېتىپ، دادىسىنىڭ يېقىن دوستى سەئىد دېگەن كىشىنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. سەئىد پەرىشان كېتىۋاتقان جاھانگىرنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ، جاھانگىرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. جاھانگىر بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىنى سەئىدكە بايان قىلىپ، يار ـ يۆلەك بولۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. جاھانگىرنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ھەيران قالغان سەئىد:

— سەن يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن، مەن داداڭ بىلەن يەمەن، ھەبەش، مىسىرلارغا سودىگەرچىلىككە بارغان. داداڭ شۇ چاغدا قىرىق قېچىردا لەئەل ـ ياقۇت، ئالتۇن ـ كۆمۈشلەرنى يۈكلەپ ئەكەلگەنىدى. شۇنچە ۋەج قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

جاھانگىر سەئىدكە بۇنداق مال ـ دۇنيادىن ئۆزىنىڭ خەۋىرى يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ.

— داداڭ جان ئۇزۇش ۋاقتىدا ساڭا ھېچقانداق ۋەسىيەت قىلمىغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەئىد.

— دادام ماڭا ھېچقانداق ۋەسىيەت قىلغىنى يوق، پەقەت مېنى ئۆيلەشنىڭ ئالدىدا: «خوتۇنۇڭ ساق چىقسا، ماڭا دېگىن، ساق چىقمىسىمۇ، ماڭا دېگىن» دېگەنىدى. ماڭا قىرىق قىز ئېلىپ بەردى، ھېچقايسىسى ساق چىقمىدى. ئاخىردا مۇشۇ خوتۇنۇمنى ئېلىپ بەردى، بۇمۇ ساق چىقمىدى. ئاخىر خىجالەت يۈزىسىدىن دادامغا يالغاندىن: «بۇ ساق چىقتى» دەپ، دادامنى خاتىرجەم قىلغانىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جاھانگىر.

سەئىد ناھايىتى دانا كىشى ئىكەن، جاھانگىرنىڭ سۆزلىرىدىن ئەھۋالنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىپتۇ:

— داداڭ سېنىڭ «ساق چىقتى» دېگەن سۆزۈڭگە ئاساسەن بۇ راستىنلا قىز ئىكەن، ئوغلۇمدىن باشقىسىنى كۆرمەپتۇ، مېھرى ئوغلۇمغىلا چۈشىدىكەن، ئوغلۇمنى ياخشى يولغا باشلاپ، باياشات كۈن كەچۈرەلەيدىكەن، دەپ ئويلاپ، ساڭا ئەشەنچ قىلالماي ھېلىقى مال ـ دۇنيانى خوتۇنۇڭغا تاپشۇرۇپتۇ. ئەسلىي خوتۇنۇڭنىڭ ئامانىتىنى سېلىم ئالغانىكەن، شۇڭا خوتۇنۇڭنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى سېلىمدا، — دەپتۇ سەئىد ۋە جاھانگىرغا يول كۆرسىتىپتۇ، — سېلىم ئۆيۈڭگە كەلگەندە خوتۇنۇڭ ھەرنېمە دېسە، جان ـ دىلىڭ بىلەن ماقۇل بولۇپ بەجا كەلتۈرگىن، لېكىن شاراب ئىچكەندە ھىيلە ئىشلىتىپ شارابنى ئاز ئىچكىن، ئۆزۈڭنى قاتتىق مەستلىككە سېلىپ بالدۇرلا يېتىۋالغىن. ئۇلارغا بىلىندۈرمەي كۆزۈڭنىڭ قۇيرۇقىدا ئىككىسىنىڭ ھەرىكىتىگە نەزەر سالغىن. ئۇلار نەگە بارسا، سەنمۇ تۇيدۇرماي كەينىگە كىرگىن، ھەرقانداق ئىش

بولسا، سەۋر قىلغىن، نىمىلەرنى كۆرسەڭ ۋە نىمىلەرنى ئاڭلىساڭ، ئەتىسىلا ماڭا ئېيتقىن، ئۇنىڭ تەدبىرىنى ئۆزۈم قىلىمەن، — دەپتۇ سەئىد.

جاھانگىر سەئىدنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ناھايىتى پۇختا تەييارلىق قىپتۇ. كەچتە سىلىم خىزمەتكارىغا شارابلارنى كۆتۈرگۈزۈپ جاھانگىرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ. جاھانگىرمۇ چاندۇرماي ئىززەت - ئىكراملار قىلىپ كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلار تائامدىن كېيىن شاراب ئىچىشنى باشلاپتۇ. سىلىم جاھانگىرغا ھەدەپ شاراب تۇتۇۋېرىپتۇ. جاھانگىر ئۈچ - تۆت پىيالە شاراب ئىچىپلا مەست بولغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ، خوتۇنى كېلىپ مىدىرلىتىپ كۆرگەنىكەن، جىممىدە يېتىپتۇ، ئەمما كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئىككىسىنىڭ ھەرىكىتىگە نەزەر سېلىشقا باشلاپتۇ. جاھانگىرنىڭ خوتۇنى بىردەمدىن كېيىن سىلىمنىڭ چىرماقلىرىدىن ئاجراپ، ئۇنىڭ قېشىغا يەنە كېلىپ قۇلىقىنى شۇنداق چىڭ تولغاپ تارتىپتۇكى، قۇلىقى ئۈزۈلۈپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ. جاھانگىر چىشىنى چىشلەپ ئۈن چىقارماپتۇ. خوتۇنى راست مەست بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلاپ، سىلىمغا:

— ئى مېھرىبانىم، ئورنۇڭدىن تۇرغىن، مەن سېنى مەخپىي سارايغا باشلاپ باراي، ئۇ يەردە قىرىق ساندۇق ئالتۇن - كۈمۈش، لەئەل - ياقۇت بار. قېيناتام ماڭا ئۆزى كۆرسەتكەنىدى. تېخى ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن بۇنى جاھانگىرغا ئېيتماسلىقنى تاپىلىغان. بۇ مال - دۇنيانى ساڭا ساقلىغانىدىم، — دەپتۇ.

ئۇلار باغقا كىرىپ ھېلىقى ساراي تېگىدىكى قىرىق ساندۇق ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى سىلىمغا بىرمۇبىر كۆرسىتىپتۇ.

جاھانگىرمۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سارايغا كىرىپتۇ ۋە قىرىق ساندۇقتىكى لەئەل - ياقۇت، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالغىنىدىن

ئاغزى ئىچىلىپلا قاپتۇ.



— ئى مەھبۇبەم، — دەپتۇ ھەممە ساندۇقلارنى ئېچىپ كۆرگەن سېلىم خۇشلۇقىدا، — مۇرادىمىز ھاسىل بولغاندىن كېيىن لەئەل - ياقۇت بىلەن زىننەتلەپ بىر مەپە ياسىتىپ، خىزمەتكارلارنى تەيىنلەپ، سىنى مەپىدىلا ماڭغۇزىمەن، ھەرگىز ئايىغىڭنى توپىغا دەسسەتكۈزمەيمەن.

جاھانگىر يۇقىرىقىلارنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ ئاستا كەينىگە يېنىپتۇ - دە، ئورنىغا كېلىپ يېتىۋاپتۇ.

ئەتىسى جاھانگىر سەئىدنى ئىزدەپ تېپىپ، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، داداڭنىڭ بېغىدىن بىرنەچچە تال ئۇجمە چۈۋىقى كېسىپ ئەكىرىپ بىر يەرگە تىقىپ قوي. خوتۇنۇڭنى ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە ئالداپ بولسىمۇ ئەۋەتىپ، كەلگەندە: «نېمىشقا پات كەلمەيسەن؟» دېگەننى باھانە قىلىپ شۇنداق قاتتىق ئۇرغىنكى، ھېچبىر ئەزايى ساق قالمىسۇن، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ سەئىد.

جاھانگىر ئۆيىگە كېلىپ سەئىدنىڭ دېگىنى بويىچە قىپ-

تۇ، خوتۇننى شۇنداق ئۇرۇپتۇكى، سەئىد دىگەندىنمۇ نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋېتىپتۇ. دەرۋەقە خوتۇننىڭ باش - كۆزلىرىد- دىن تارتىپ پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە ھېچ يېرى ساق قالماپتۇ. خوتۇنى ئاتىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— مېنى بىگۇناھ ئۇردى، ئەگەر شەرىئەت بويىچە ماڭا گۇناھ لازىم بولسا، قوبۇل قىلغايمەن، بولمىسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر كۈنمۇ ئۆي تۇتمايمەن، — دەپ دادلىنىپتۇ.

جاھانگىر ئىشىكلىرىنى مەھكەم ئېتىپ، سەئىدنىڭ قې- شىغا كېلىپ بولغان ئىشلارنى بىرمۇبىر بايان قىپتۇ. سەئىد- نىڭ ئۆيى پەتتارنىڭ بېغى بىلەن تام تۇتاش ئىكەن، پەتتار ھايات ۋاقتىدا سەئىد باغ تەرەپكە بىر دېرىزە ئاچقانىكەن، پەتتار كۆز يۇمغاندىن كېيىن سەئىد دېرىزىنى چاپلىۋەتكەنى- كەن. ھېلىقى دېرىزىنى سەئىد قۇللىرىغا ئاچقۇزۇپ، سارايدى- كى قىرىق ساندۇقتىكى ئالتۇن - كۈمۈشنى توشۇشنى بۇيى- رۇپتۇ. بايلىقلارنى توشۇپ بولغاندىن كېيىن ساندۇقلارغا لىق تاش - كېسەك، سۆڭەكلەرنى تولدۇرۇپ قويۇپ، ئىشىكلەرنى ئاۋۋالقىدەك ئېتىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن جاھانگىرنىڭ قېيناتىسى، قېينانىسى جاھانگىرنى ئالدىغا سېلىپ قازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ ۋە جاھانگىردىن قىزىنى ئاجرىتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ- نىڭدىن مېھىر ھەققى تەلەپ قىپتۇ. قازىمۇ جاھانگىرغا مې- ھىر ھەققى تۆلەشكە ئەمر قىپتۇ. جاھانگىر سەئىدكە ئادەم ئەۋەتىپ قازىخانىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ.

— ئى مۆھتەرەم قازى، — دەپتۇ سەئىد، — جاھانگىر- نىڭ بىر جىنىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق، مېھىر ھەققىگە بېغىنى سېتىپ بەرسۇن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جاھانگىرنىڭ خوتۇنى دەرھال سې-

لىمغا كىشى ئەۋەتىپ ئەكەلدۇرۇپتۇ. سېلىم قىرىق ساندۇق ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ تەمەسىدە باغنى ئالماقچى بوپتۇ. باغنىڭ باھاسى ئون مىڭ تەڭگىگە تەيىن تېپىپتۇ.

— ئون مىڭ تەڭگىگە مەن ئالاي، — دەپتۇ سېلىم.

— بۇ باغقا مەن شېپىدۇرمەن، چۈنكى ئۆيۈم باغقا تۇتاش. مەن ئىجازەت بەرمىگۈچە ھېچ كىشى ئالالمايدۇ. مانا مەن ئون بەش مىڭ تەڭگىگە ئۆزۈم ئالىمەن، — دەپتۇ سەئىد.

سېلىم بىلەن سەئىد باغنى تالىشا - تالىشا باھاسىنى ئاتمىش مىڭ تەڭگىگە چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باغنى سېلىم ئاتمىش مىڭ تەڭگە نەق پۇلغا ئاپتۇ.

جاھانگىر بەش مىڭ تەڭگىنى مېھىر ھەققىگە بېرىپ، قالغان تەڭگىنى بېلىگە تېڭىپ قازىخانىدىن خۇشال چىقىپ كېتىپتۇ.

سېلىم قىرىق مىڭ تەڭگىنى باشقا سودىگەرلەردىن ئۈچ كۈنلۈككە ئەللىك مىڭ تەڭگە بېرىشكە ۋەدە قىلىپ ئالغانكەن، چۈنكى ئۇ ساندۇقتىكى دۇنيادىن بېرىمەن دەپ ئويلىغانىكەن. ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ئۇ جاھانگىرنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەن خوتۇنى بىلەن ئەيش - ئىشرەت ئۈستىدە ئولتۇرسا، سودىگەرلەر دەۋرەپ كىرىپ:

— مۆھلەت توشتى، ئەللىك مىڭ تەڭگىنى بەر، — دەپتۇ. سېلىم ئۇلارغا:

— بىردەم توختاپ تۇرۇڭلار، — دەپ قويۇپ، خوتۇنىنى ئەگەشتۇرۇپ باغقا كىرىپتۇ ۋە باغنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم ئەتكەندىن كېيىن سارايغا قەدەم بېسىپتۇ. ساندۇقلارغا قول سالغۇدەك بولسا، قوللىرىغا ئالتۇن - كۈمۈش ئەمەس، تاش - كېسەك چىقىپتۇ.

— ئى سېلىم، — دەپتۇ خوتۇن، — سېنىڭ مەندىن

باشقا يەنە مەھبۇبەڭ بار ئىكەن. بۇنى سەن، مەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى!

دەرغەزەپ بولغان سېلىم جان ـ جەھلى بىلەن:

— ھەي مەككار، جادۇگەر، بۇ سېنىڭ ھىيلە ـ مىكرىڭ دۇر! — دەپ ۋارقىراپتۇ ـ دە، خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ خوتۇنغا ئۇرۇپتۇ. خوتۇن جان ئۈزۈپتۇ. سېلىم، تاشقىرىدا سودىگەرلەر تاش ـ توقماق تۇتۇپ تۇرۇشىدۇ، چىقسام، مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۆلتۈرۈۋالاي، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، خەنجەرنى قارنىغا ئۇرۇپتۇ.

ئۇزۇن ساقلاپ بىتاقەت بولغان سودىگەرلەر ئاخىر باغنىڭ ئىشىكىنى بۇزۇپ كىرىپ ھەممە ئىشنى ئۇقۇپتۇ. ئۇلار ئەھۋالنى كۆرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ بايان قىپتۇ.

جاھانگىر شۇ كۈندىن باشلاپ دۇنيادىن بىھاجەت بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتكۈزۈپتۇ.



# كۆڭلەك

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، قۇد-رىتى زور، بايلىقى ھەددى - ھېسابسىز ئىكەن، بىراق ئۇ ئۆزىنى پەقەتلا بەختلىك ھېس قىلمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن بىر ئاقساقال بوۋايدىن قانداق قىلغاندا بەختكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئاقساقال پادىشاھقا:

— بەخت دۇنيادا ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئەڭ قىيىن نەرسە، لېكىن مەن تېپىشنىڭ يولىنى بىلىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنى تېپىشنىڭ يولى قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بۇ ناھايىتى ئاسان، سىز بەختلىك كىشىنىڭ كۆڭ-لىكىنى كىيسىڭىزلا كۇپايە.

پادىشاھ ئۇ كىشىگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىپ، بەختلىك كىشىنى تېپىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ سەپەرگە ئاتلى-نىپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەللەرنى ئارىلاپ، ئۇ يەرلەردىكى پا-دىشاھ، ۋەزىر، سودىگەر، بايلارنى زىيارەت قىپتۇ، ئەمما ئۇلار-نىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئاخىر ئۆز مەملىكىتىگە قۇرۇق قول قاي-تىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ بىر دېھقاننىڭ ئېتىزلىقتا كۆڭلەكمۇ كىيمەي ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆ-

رۇپ قاپتۇ. ئۇ دېھقان بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن خۇشال ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك. پادىشاھ ئۇنىڭ چىرايىدا غەم - قايغۇدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭدىن:

— بۇرادەر، سەن بەختلىكمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، مەن ناھايىتى بەختلىك، — دەپتۇ دېھقان كۈلۈپ.

— سەن پادىشاھ بولۇشنى خالايدىغانسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— مەن بۇ ئىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باققان ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان.

— ئۇنداقتا، — دەپتۇ پادىشاھ، — كۆڭلىكىڭنى ماڭا سېتىپ بەرسەڭ، قانداق؟

— كۆڭلەك؟ — دەپتۇ دېھقان ھەيران بولۇپ، — مەندە ئەسلا كۆڭلەك يوق.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ بەخت ھەققىدە يېڭىۋاشتىن ئويلىنىشقا باشلاپتۇ.

# ۋاپاسىز ئوغۇللار

بۇرۇنقى زاماندا، قەدىمىي يىپەك يولىدىكى شەھەرلەرنىڭ بىرىدە ياقۇپباي ئىسىملىك بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ مال - دۇنياسى بىھېساب، يۈز - ئابرۇيى ناھايىتى يۇقىرى بولسىمۇ، پەرزەنتى يوق ئىكەن. شۇڭا، ئۇ كېچە - كۈندۈز خۇدادىن پەرزەنت تىلەيدىكەن، بالىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ئۆتكەن كىشىلەرنى كۆرگەندە، مېنىڭمۇ ئاشۇنداق بىر بالام بولسا، قولىدىن يېتىلەپ ماڭسام، نېمە دېسە، شۇنى ئېلىپ بەرسەم، دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن.

ئۇنىڭ ئاخىر مۇرادى ھاسىل بولۇپ، خوتۇنى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بوپتۇ. ياقۇپباي ئىككىنچى ئوغۇل دۇنياغا كەلگەندە خۇشاللىقىدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بوپتۇ. ئۈچىنچى ئوغلى تۇغۇلغاندا: «ئاھ خۇدا، ساڭا نېمىدەپ شۈكۈر - سانا ئېيتسام بولار؟!» دەپ، كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ. تۇنجى ئوغلىغا ئەنۋەر، ئوتتۇرانچى ئوغلىغا ئەسقەر، كەنجى ئوغلىغا ئەكبەر دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. كەنجى ئوغلى ئەكبەر ئەمدىلا ئالتە ئايلىق بولغاندا، بالىلارنىڭ ئانىسى بەختكە قارشى تۇيۇقسىز ئېغىر كېسەل بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتىپتۇ. «بىر خۇشاللىقتىن كېيىن بىر قايغۇ» دېگەندەك، بۇ ئەھۋالدىن ياقۇپباي ناھايىتى بىئارام بوپتۇ. ئۇ بالىلىرىنى

قانداق قىلىپ ياخشى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇشنىڭ غېمىدە قولى ئىشقا بارماپتۇ، بىرەر ئىنىكئانا يالالاشقىمۇ كۆڭلى ئۇ- نىماي، بالىلىرىنى ئۆزى بېقىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئەل - ئاغىنىلىرى:

— ياقۇپباي، ئۆلگەنىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ، ئەمدى سېنى ئۆيلەپ قويايلى، بالىلارغا شۇ ئايال قارىسۇن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

— ياق، بۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، — دەپتۇ ياقۇپباي، — ھاياتلا بولسام، بالىلىرىمنى ئۆزۈم باقىمەن، ھەرگىزمۇ ئۆگەي ئانىنىڭ قولىغا قويمايمەن.

شۇنداق قىلىپ، ياقۇپباي تىجارەت ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ سادىق خىزمەتچىلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بالىلارغا ئاش - تاماق ئېتىشكە بىر ئايالنى ياللاپ، بالىلارنى ئۆزى بېقىشقا باشلاپتۇ. ئوغۇللىرى بىر - بىرىدىن ئوماق ۋە چىرايلىق ئىد- كەن. ياقۇپباي ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بالىلارنى تاماقلاندۇرۇپ، بەش ياشلىق ئوغلى ئەنۋەرنى ئوڭ تەرىپىگە، ئۈچ ياشلىق ئوغلى ئەسقەرنى سول تەرىپىگە ئېلىپ يېتىلەپ، كەنجى ئوغلى ئەكبەرنى مۈرىسىگە مىندۈرۈپ ئوينىتىدىكەن، ئۇلار نېمە يەيمەن، نېمە ئوينايمەن دېسە، شۇنى ئېلىپ بېرىدىكەن، بالىلىرىسىز گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمەيدى- كەن، ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىدىن ھۇزۇرلىنىدىكەن.

بالىلار يىلدىن - يىلغا چوڭ بوپتۇ، لېكىن ئۇلار بەكمۇ ئەركە - نايناق بولۇپ، خالىغاننى قىلىدىكەن، بىرىنىڭ نەر- سىسىنى يەنە بىرى ئېلىۋالسا، زادىلا بەرمەيدىكەن. ياقۇپباي بۇ ھالدىن خۇشال بولۇپ، ھەرقانداق نەرسىنى چىڭ تۇتمى- غۇچە قولدا توختىمايدۇ. بالىلىرىم چوڭ بولسا، چاشقانغا كې- پەك ئالدۇرمايدىغان، ئۆز ئىشىغا پۇختا ئادەملەردىن بولغۇ-

دەك، دەپ ئويلايدىكەن.

باللار ئارقا - ئارقىدىن مەكتەپكە بېرىپتۇ. ياقۇپباي با-لىلىرىنىڭ مەكتەپكە بېرىپ - كېلىشىدە بىرەر خەۋپكە ئۇچرىماسلىقى ئۇچۇن مەخسۇس بىر مەپە ياستىپ، باللارنى مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزى ئاپىرىدىكەن، كەچتە ئۆزى قايتۇ-رۇپ كېلىدىكەن. ئۇلار مەكتەپتە باشقا باللارغا قارىغاندا ئە-تىۋارلىق بولۇپ، موللامۇ ئۇلارنىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرىدى-كەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوقۇشىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەسكەن.

ياقۇپباي باللىرى ئەمدىلا ساۋاتلىق بولۇپ، ھېساب - كىتاب قىلالىغۇدەك بولغاندا، ئۇلارنى ئۆز كەسپىنىڭ ۋارىس-لىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن مەكتەپتىن چىقىرىۋاپ-تۇ ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرىغا پىشۇرۇپتۇ.

ئوغۇللار ئارقا - ئارقىدىن بالاغەتكە يېتىپتۇ. ياقۇپباي ئەنۋەرگە شەھەردىكى داڭلىق سودىگەرنىڭ قىزىنى، ئەسقەرگە قازى ئاخۇنۇمنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن ئۈچ دۇكان تەييارلاپ، ئىككى ئوغلىنى ئىككى دۇكانغا خوجايىن قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۆزى كەنجى ئوغلى ئەكبەر بىلەن يەنە بىر دۇكاننى ئېچىپتۇ. ئۇلارنىڭ سودىسى يىلدىن - يىلغا روناق تېپىپتۇ.

بىر كۈنى ئەنۋەر ئۆيىگە ناھايىتى كەچ قايتىپ كەپتۇ، دادىسىغا سالام بېرىپ، بىر كۈنلۈك سودا - سېتىق ئەھۋالى-نى دوكلات قىلىپ بولۇپ ھۇجرىسىغا كىرسە، خوتۇنى تەتۈر قاراپ ئولتۇرغۇدەك.

— ئاپئاق خوتۇن، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئەنۋەر.

— نېمە بولاتتى، — دەپتۇ خوتۇنى، — نەدە يۈردىڭىز؟

— خېرىدارلار بىلەنچۇ.

شۇ ئاخشىمى ئەنۋەرنىڭ خوتۇنى بىرمۇنچە ئەقىل ئۆگىتىپتۇ. ئەتىسى ئەنۋەر دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— سىزگە بىر مەسلىھەت بار ئىدى، دادا، — دەپتۇ ئۇ ئۇلايىملىق بىلەن، — ھازىر ئوغرى - يالغان كۆپىيىپ قالدى، كىچىسى دۇكاننى يالغۇز قالدۇرۇشقا بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەنمۇ ئۆي بىلەن دۇكان ئوتتۇرىسىدا تولا قاتناپ ھېرىپ كەتتىم. دۇكانغا يېقىن جايدىن بىرەر باغ - ھويلا ئېلىپ كۆچۈپ كەتسەم، قانداق؟

— ئۇنداقتا مەن سېنى كۈندە كۆرۈپ تۇرالمىسام، قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ ياقۇپباي بالىسىدىن ئايرىلىشقا چىدىماي.

— بىر شەھەرنىڭ ئىچىدىكى گەپقۇ، مەن كۈندە كېلەلمىسەممۇ، ھەر ئىككى كۈندە بىر كېلىپ تۇرىمەن ئەمەسمۇ؟

ياقۇپباي ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئوغلىنىڭ پىكرىنى ئورۇنلۇق ھېسابلاپ ماقۇل بوپتۇ.

— يەنە بىر مەسلىھەت، — دەپتۇ ئەنۋەر دادىسىغا ئەركىلەپ، — ئىككى ئوغلىڭىزغا ئىككى دۇكان ئېچىپ بەرگەنىڭىز بەكمۇ ياخشى بولدى، لېكىن ھېسابات بىرتوتاش بولغاچقا كىمنىڭ قانچىلىك پايدا ئېلىپ، قانچىلىك زىيان تارتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىكەن. شۇڭا، دۇكاننىڭ ھېساب - كىتابىنىمۇ ئايرىم قىلساق.

— بەللى، ئوغلۇم، بەللى ! — دەپتۇ ياقۇپباي خۇشال بولۇپ، — ئەمدى ئەقلىڭنى تاپاي دەپسەن ! مەن ئىككىيلەننىڭ ھېساب - كىتابىنى ئايرىپ بېرەي.

ياقۇپباي بىرنەچچە كۈن ھېساب - كىتاب قىلىپ، دۇكاندا بار ماللارنى ۋە نەق پۇلنى ھېسابلاپ چىقىپ، ئۈچ دۇكانغا تەڭ تەقسىم قىپتۇ. ئەنۋەرنىڭ ھېسابىنى ئۆز ئالدىغا ئايرىپ بېرىپتۇ.

ئەنۋەر ئۆز ھىيلىسىنىڭ ئاسانلا ئىشقا ئاشقانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. ياقۇپباي ئۇنىڭغا دۇكانغا يېقىن كو- چىلارنىڭ بىرىدىن كاتتا بىر باغ - ھويلا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى كۆچۈپ چىقىپ، مۇرادىغا يېتىپتۇ. ئۇنىڭ تىجارىتى تېخىمۇ روناق تېپىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى ئەسقەرنىڭ خوتۇنىمۇ غوۋغا كۆتۈرۈپتۇ:

— سەن داداڭنىڭ قانداق ئوغلى؟ — دەپتۇ ئۇ، — ئۆز ئوغ- لىمۇ ياكى ئۆگەي ئوغلىمۇ؟ بىز قاچانغىچە دۇكاندىن بولغان پاي- دىغا ئىگە بولالمايمىز؟ نېمىشقا بىزنىڭمۇ ئايرىم ئۆيىمىز يوق؟

بۇ سۆزدىن كېيىن ئەسقەرنىڭمۇ ئۇيقۇسى ئېچىلىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى دادىسىغا:

— دادا، ئاكام ئەنۋەرگە دۇكاننىڭ يېنىدىن ئۆي ئېلىپ بېرىپ ياخشى قىلغانىكەنسىز، سودىسى ناھايىتى تېز راۋاجلىنىپ كەتتى. بىز ئوخشاش ئوغۇل بولغاندىكەن، ماڭىمۇ شۇنداق قىلسىڭىز.

ياقۇپباينىڭ ئوغلىدىن ئايرىلغۇسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلالماپتۇ. ئۇنىڭغىمۇ دۇكىنىغا يېقىن بىر جايدىن باغلىق ھويلا ئېلىپ بېرىپتۇ، دۇكاننىڭ ھېسابا- تىنىمۇ ئايرىپ بېرىپتۇ. ئەمدى ياقۇپباي كەنجى ئوغلى ئەك- بەر بىلەن يالغۇز قاپتۇ. ئۇ گويا ئۆزىنى ئىككى قانىتىدىن ئايرىلغان قۇش ھېسابلاپ، بالىلىرى كېلەلمىسە، ئۇلارنى كۆرگىلى چاپىدىكەن. ئىلگىرى ئۈچ ئوغلىنىڭ خۇددى كەپ- تەرنىڭ باچكىلىرىدەك يېنىدىن ئايرىلماي يۈرگەنلىكىنى ئويلاپ قەلبى ھەسرەتكە تولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوماق كېلىنلىرىمۇ يېنىدا بولمىغاچقا، بەكمۇ ئىچى پۇشىدىكەن. شۇڭا، كەنجى ئوغلى ئەكبەرنى بالدۇرراق ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىماقچى بوپتۇ. تەرەپ - تە-

رەپكە كۆز تىكىپ تاللاش ئارقىلىق ئۇنىڭغا شەھەر ئەمەلدار-لىرىدىن بىرىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ئوغلىنىڭ ھەممىسى ئۆي - ئوچاقلىق بوپتۇ. «غورا غو-رىنى كۆرسە، ئالا بوپتۇ» دېگەندەك، كۈنلەردىن بىر كۈنى ئەكبەر خوتۇنى بىلەن سۆز تالىشىپ قاپتۇ:

— ئاكىلىرىڭىز ئۆي ئايرىپ، دۇكان ئايرىپ چىقىپ بولدى. سىز قاچانغىچە دادىڭىزنى بېقىپ ياتىسىز؟ بىزمۇ دادىڭىز ھايات چېغىدا، ئۆز ئالدىمىزغا سودا - سېتىق قىل-مامدۇق؟ — دەپ سوقۇشۇپتۇ خوتۇنى. ئەكبەر ئويلاپ قارىسا، خوتۇنىنىڭ دېگىنى توغرا، شۇڭا ئۇمۇ دادىسىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپتۇ:

— دادا، ئاكىلىرىمغا دۇكان ئايرىپ بېرىپ، ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بەردىڭىز، ماڭا نېمىشقا ئۇنداق قىلمايسىز؟ مەنمۇ سىز ھايات ۋاقتىڭىزدا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ باقمايمەنمۇ؟

— مېنى يالغۇز قويۇپ، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىشكە قانداق چىدايسەن، ئوغلۇم؟ — دەپتۇ ياقۇپباي، — سەن ئەمە-دى ئۆمۈرۋايەت مەن بىلەن بىللە ياشا. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا «يەككە - يېگانە، ھېلىم دېۋانە» بولۇپ قالماي.

— باشقىلار كۈنىگە بىر قېتىم كەلسە، مەن ئىككى قې-تىم كېلىپ يوقلاپ تۇرىمەن، مېنىمۇ ئاكىلىرىمغا ئوخشاش ئۆز ئەركىمگە قويۇڭ.

ئۇياققا تارتىپ، بۇياققا تارتىپ، ئاخىر كەنجى ئوغلىغىمۇ ئۆزى ئېچىۋاتقان دۇكاننى ئايرىپ بېرىپ، ئۇنىڭغىمۇ باغلىق قورۇدىن بىرنى ئېلىپ بېرىپتۇ. بىر مەزگىل بالىلار ئۆز ۋە-دىسىگە ۋاپا قىلىپ، ھەر كۈنى ياكى كۈن ئارىلاپ كېلىپ بوۋاينى يوقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ھەر كەلگەندە بوۋاي ئەڭ ياخ-شى تائاملارنى ئەتكۈزۈپ كۈتۈۋالىدىكەن، ھېيت ۋە بايرام

كۈنلىرىدە كېلىنلىرىگە ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن بىلەزۈك ۋە ئۈزۈكلەرنى، ئوغۇللىرىغا ئېسىل رەختلەردىن تىكىلگەن تونلارنى سوۋغات قىلىدىكەن، ئوغۇللىرىنىڭ مال ئېلىپ دەسمايىسى كەملەپ قالسا ياكى چوڭ شەھەرلەرگە سودىگەرچىلىككە چىقماقچى بولسا، ئۆز پۇلىدىن بېرىپ، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ قويىدىكەن. باللارنى ئۆزى يوقلاپ بارسا، ئايرىم سوۋغا - سالام ئېلىپ بارىدىكەن. شۇڭا، باللارمۇ، كېلىنلەرمۇ ياقۇپبباينىڭ يوقلاپ كېلىشىگە بەك ھېرىسمەن ئىكەن، دادىسى يوقلاپ كەلسە، پايپېتەك بولۇپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالىدىكەن.

ئېقىنۋەرسە دەريانىڭ سۈيىمۇ ئازلىغاندەك، خەجلەۋېرىپ ياقۇپبباينىڭ پۇلىمۇ تۈگەشكە باشلاپتۇ، شۇڭا باللىرىغا ئىلگىرىكىدەك كەڭ قوللۇق قىلالماپتۇ. شۇ سەۋەبلىك ئوغۇللىرىمۇ كەمدىن - كەم كېلىدىغان، دادىسى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ بارسا، كېلىنلەرنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ قالىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئىلگىرى كېلىنلەر ئۆز ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىرىنى ئۆيىگە چاقىرسا، قېيناتىسىنىمۇ چاقىرىپ، ئۇنى ئۆيىنىڭ تۆرىگە چىقىرىپ كۈتۈۋالىدىكەن. ئەمدى خەۋەرمۇ قىلمايدىغان بوپتۇ.

ياقۇپبباينىڭ ئۆيىدە بار زاپاس مال - مۈلكى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۆزىگە بىر ئېغىزلا ئۆي قالدۇرۇپ، باغ - ھويلىسىنىڭ ھەممىنى سېتىپ تىرىكچىلىك قىپتۇ. ئەڭ ئاخىردا ھېچ نەرسىسى قالماي، كوچىغا چىقىپ قاپتۇ. ئوغۇللىرىدىن ياردەم سوراش ئۈچۈن ئۆيىگە بارسا، ئوغۇللارنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە دەرۋازىۋەنلەر ئۇنى كىرگۈزمەيدىغان بوپتۇ.

بىچارە ياقۇپباي قېرىغاندا قانداق قىلسۇن؟ ئۇ ئاخىر كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى تىلەمچىلىك قىلىپ چوڭ ئوغلى ئەنۋەرنىڭ ھويلىسى ئالدىغا

بىرىپ قالغانىكەن، نەۋرىسى مەھەللە باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ: «قەلەندە ـ قەلەندە، يۈزى قېلىن شەرمەندە» دەپ تىللىغىلى تۇرۇپتۇ. ئەنۋەر ئىشتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسىمۇ، ئوغلىنى «هاي» دېمەي، دادىسىغىمۇ قارىماي هويلىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ياقۇپباي تىلەمچىلىك قىلىپ ئوتتۇرانچى ئوغلى ئەسقەرنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا بارغانىكەن، ئەسقەر ئۇنى: «ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ، بۇ كوچىغا ئىككىنچى كەلمە!» دەپ ھەيدىۋېتىپتۇ. ياقۇپباي ئەڭ ئاخىردا، ئامراق ئوغلۇم ئەكبەر ئازراق بولسىمۇ، رەھىم ـ شەپقەت قىلار، دەپ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارغانىكەن، ئەكبەر: «سىزدەك قەلەندەرنى دادا دېيىشكە بىزنىڭ يۈزىمىز قانداق چىدايدۇ؟ سىز قەلەندەرچىلىك قىلىپ بىزنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىمىزنىمۇ تۆكۈپ بولدىڭىز. ماۋۇ ئازراق پۇلنى ئېلىپ، باشقا شەھەرگە بېرىپ جان بېقىڭ!» دەپ، يول كىراسىغا يەتكۇدەك پۇل بېرىپ، ئۇنى ھەيدەپتۇ.



ياقۇپبايىنى ئەمدى ھېچكىممۇ «باي» دېمەيدىغان بوپتۇ. «ياقۇپباي» دېگەن ئىسىم «ياقۇپ گاداي»غا ئۆزگىرىپتۇ. ياقۇپباي: «ئاھ، خۇدا! مەن سەندىن پەرزەنت بېرىشنى تىلىگەنىدىم، سەن ماڭا پەرزەنت بېرىپسەنۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىنساپىنى بەرمەپسەن» دەپ زارلىنىپتۇ. ياقۇپباي شۇ ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ باللىرىنى كۆرۈشكە خۇشتار ئىكەن، لېكىن يولدا ئۇچرىشىپ قالسا، باللىرى تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. بۇنداق چاغلاردا ياقۇپباي زارلىنىپ، ئاھ، مەن سىلەرنى جېنىمدىنمۇ ئەتىۋارلاپ باققانىدىم، ئەمدى سىلەر ماڭا يۈزۈڭلارنى بىر كۆرسىتىشكىمۇ يارىمامسىلەر؟ دەپ ئويلايدىكەن.

كەمبەغەلچىلىك، ئاچ - يالىڭاچلىق دەردىدە ياقۇپباي ئورۇقلاپ، كۆسەيدەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، زىققە كېسىلىگە گىرىپتار بوپتۇ، داۋالىناي دېسە، پۇلى يوق، ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپتۇ، ئويلا - ئويلا بىر چارە تېپىپتۇ. ئۇ ياش ۋاقتىدا شەھەر بويىچە ئەڭ ئۇستا قاشتېشى ئويمىچىسى ئىكەن. ئۆز ۋاقتىدا قاشتېشىدىن ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرىنى، قۇشلارنىڭ ھەيكەللىرىنى، بىلەزۈك ۋە ھالقىلارنى ياساپ سېتىپ، ئاستا - ئاستا باي بولۇپ، كېيىن چوڭ سودىگەر بولۇپ قالغانىكەن. ئۇ ئۆزىگە ئېلىپ قالغان بىر ئېغىزلىق ئۆيگە كىرىپ ئەتراپقا نەزەر سالپتۇ. ئۈچ دانە كاۋاشتىن باشقا ھېچنېمە كۆزىگە چېلىقماپتۇ. ئۇ كاۋاشنى سۈرتۈپ تازىلاپ، قاشتېشى دۇكىنىغا مىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۈچ دانە كېسەك ياساپتۇ. كېيىن بۇ كېسەكلەرگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قەغەز چاپلاپ خۇرجۇنغا سېلىپ ئەنۋەرنىڭ دۇكىنىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئوغلى ئەنۋەر ئۇنى ھەيدىۋەتمەكچى بولۇپ يېنىغا كەلگەنىكەن، خۇرجۇننى چىڭ قۇچاقلىغان ھالدا:

— ساڭا بىر ئېغىز گېپىم بار، — دەپتۇ.

— قېنى، گېپىڭىزنى قىلىپ، بۇ يەردىن تېز جۆنەڭ، — دەپتۇ ئوغلى.

— مېنىڭ كۈنلىرىم ساناقلىقلا قالدى، بۈگۈن ئۆلەمدىمەن، ئەتىمۇ، بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئامانەتلەرنى ساڭا دەپ قويغىلى كەلدىم، — دەپتۇ ياقۇپباي خۇرجۇننى كۆرسىتىپ.

— نېمە ئامانەت ئۇ؟ كىمنىڭ ئامانىتى؟ — دەپ سوراپتۇ ئەنۋەر.

— بۇ مېنىڭ سىلەرگە قالدۇرماقچى بولغان ئەڭ ئاخىرقى مىراسىم، — دەپتۇ ياقۇپباي خۇرجۇنىنىڭ ئاغزىنى يېرىم ئېچىپ. ئەنۋەر قارىسا، ساپسېرىق ۋاللىداپ تۇرغان ئۈچ كېسەك ئالتۇن تۇرغۇدەك.



— بۇ ئالتۇنلارنى، — دەپتۇ ياقۇپباي كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، — ھەربىرىڭلارغا بىر كېسەكتىن ئاتاپ، ئالاھىدە تەييارلاتقانىدىم. بۇ سىرنى ساڭىلا دېدىم. مەن ئۆلگەندىن كېيىن بۇلارنى سەن تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇكىلىرىڭغا تەقسىم قىلىپ بەر!

— بۇنى ھا-

زىرلا ماڭا تاپشۇرسىڭىز بولامدۇ؟ — دەپتۇ ئەنۋەرنىڭ كۆز-لىرى ئالاچەكمەن بولۇپ.

— ياق، مەن دېدىمغۇ، بۇنى مەن ئۆلگەندىن كېيىن، — دەپتۇ ياقۇپباي، — ئاڭغىچە ھەر كۈنى بېشىمغا قويۇپ يېتىۋالاي.

— ئاھ، دادا! سىز بىزگە نېمىدېگەن مېھرىبان! — دەپتۇ ئەنۋەر خۇشاللىنىپ، — ئۆزىڭىز شۇنچە قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ ... — ئۇ خىجىل بولغىنىدىن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماپتۇ، — بۇنداق كوچىلاردا خارلىنىپ يۈرمەك، ئۆيگە كېتەيلى، دادا! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— ياق، مەن دەرۋىشلىك يولىغا قەدەم قويغان ئادەممەن، مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، پەقەت ئۆلگەن ۋاقتىمدا بۇ نەرسىلەر ئىز- دېرەكسىز قالمىسۇن دەپ، سىرنى ساڭا ئاشكارىلىدىم، — دەپتۇ ياقۇپباي.

ئەنۋەر خۇشاللىقىدىن ئاشخانىغا بېرىپ ئەڭ ئېسىل تاماقلارنى ئەكېلىپ دادىسىنى مېھمان قىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ھەر كۈنى ئىككى- ئۈچ قېتىم دادىسىنى ئىزدەپ تۇرىدىغان ياكى كىشى ئەۋەتىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. ياقۇپباي ئۆزى ئويلاپ تاپقان بۇ چارىنىڭ بىۋاپا ئوغلىغا قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن، بىر كۈنى بۇ چارىنى ئوتتۇرانچى ئوغلى ئەسقەرگە، يەنە بىر كۈنى ئەكبەرگىمۇ قوللىنىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئوغۇللىرى ئۇنى يوقلاپ تۇرىدىغان، بەزى كۈنلىرى ئۈچىلىسى تەڭ يوقلاپ كېلىدىغان بوپتۇ. ئىلگىرى دادىسىنى «قەلەندەر» ھېسابلاپ قېچىپ يۈرگەن ئوغۇللار ئەمدى ئۇنى «دەرۋىش» دەپ بىلىپ، تىلەمچىلىك قىلىشىنىمۇ ئار ئالمايدىغان بوپتۇ، ھەتتا كىشىلەر ئالدىدا ماختىنىپ: «دادام دەرۋىشلىك يولىغا ماڭغانىكەن، بىز ئۇنى چۇ-

شەنمەي قەلەندەرچىلىك قىلىپ يۈز ـ ئابرۇيىمىزنى تۆكتى دەپ ئويلىغانىكەنمىز» دېيىشىپ، ئىلگىرىكى ۋاپاسىزلىقىنى ئاقلايدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى چۈشلۈك تاماقتا ئۈچ ئوغلى تەڭلا كېلىپ قاپتۇ. بىرى پولۇ، بىرى مانتا، بىرى شورپا ئەكەلگەنىكەن، ياقۇپباي ھەرقايسىسىدىن ئازراقتىن يېگەندىن كېيىن ئوغۇللىرىغا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇنداق ھەر كۈنى كېلىۋەرسەڭلار، تولىمۇ ئىسراپچىلىق بولۇپ كەتكۈدەك. بۇنىڭدىن كېيىن نۆۋەتلىشىپ، بىرىڭلار بىر كۈنى، يەنە بىرىڭلار بىر كۈنى كېلىڭلار، بەزى كۈنلىرى مەن ئۆزۈم باراي، كېلىنلەرنى، نەۋرىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇراي.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇللار ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن يوقلاپ كېلىدىغان، بەزىدە ياقۇپباي ئۆزى بارىدىغان بوپتۇ، مۇنداق چاغدا كېلىنلىرى ناھايىتى خىجىل بولغان ھالدا: «بىز ئۆزلىرىنى قەلەندەرچىلىك يولىغا ماڭدى دەپ ئار ئالغانىكەنمىز، ئەمدى بىلدۇق، دەرۋىشلىك يولىغا مېڭىپلا» دەپ، ئىلگىرى قىلغان ھۆرمەتسىزلىكى ئۈچۈن ئەپۇ سورايدىكەن.

ئەمدى ياقۇپباينىڭ ئىسمى «ياقۇپ گاداي»دىن «ياقۇپ دەرۋىش»كە ئۆزگىرىپتۇ. ئوغۇللىرى ۋە كېلىنلىرى «دەرۋىش دادام» دېيىشىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، ياقۇپباي ئاخىرقى كۈنلىرىنى ياخشى ئۆتكۈزىدىغان بوپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ زىققە كېسىلى بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىپتۇ.

ياقۇپباي بىر كۈنى ئەنۋەرنىڭ ئۆيىدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، ئۈچ ئوغلىنى چاقىرىپ ۋەسىيەت قىپتۇ:

— مېنىڭ كۈنۈم ئاخىرلىشىپ قالدى. كۆزۈم يۇمۇلۇپ، قىرىق نەزىرىم بېرىلگەندىن كېيىن بۇ خۇرجۇننى ئېچىپ،

سىلەرگە ساقلاپ كەلگەن ئاخىرقى مۈلكۈمنى تەقسىم قىلىۋې-
لىڭلار. پۇل دېگەن تېپىلىدۇ، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان
تېپىلمايدۇ، ئۆزئارا ئىتتىپاق ئۆتۈڭلار....

ئۇنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمىگەنىكەن، قاتتىق بىر يۆتەل
تۇتۇپتۇ ـ دە، جان ئۈزۈپتۇ. ئوغۇللىرى مۇشۇنداق كۈنىنىڭ
بالدۇرراق كېلىشىنى كۈتۈپ كەلگەچكە، ئانچە كۆپ يىغا ـ
زارمۇ قىلىشماپتۇ. مېيىت ئۇزىتىلغاندىن كېيىن، خۇرجۇنغا
ھەربىر ئوغۇل بىردىن قولۇپ سېلىپ، كۈندە نۆۋەت بىلەن
ساقلىشىپتۇ. قىرىق نەزىرىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ھەم-
مىسى ئولاش ـ چولاش خۇرجۇننىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ، ئۈچ
دانە كېسەك ئالتۇننىڭ پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇ-
شاللىقىدىن ئېغىزلىرى تۆشۈكتەك ئېچىلىپ، بىردىن بۆلۈ-
شۇۋاپتۇ.

چوڭ ئوغلى ئەنۋەر كېسەك ئالتۇننى ئاۋايلاپ ئېلىپ قارى-
سا، ئۈستىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قەغەز بىلەن ئورالغاندەك
كۆرۈنۈپتۇ. قەغەزنى سويۇپ ئالغانىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدىن سى-
لىقلانغان كاۋاش چىقىپتۇ. ئەسقەر، ئەكبەرلەرمۇ ئۆز ئۈلۈش-
لىرىنىڭ قەغىزىنى سويغانىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدىنمۇ كاۋاش
چىقىپتۇ. ئۇلار كاۋاشلارغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئىشنىڭ تەك-
تىگە يېتىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ قىلغانلىرىغا قاتتىق پۇشايمان
قىپتۇ.



# ھەركىم قىلسا ئۆزىگە

شۇنداق بىر زامان ئىكەن، زامانىنىڭ پەيلى يامان ئىكەن. خان ـ بەگلەر بۇزۇق ئىكەن، ئاۋامغا ئەندىشە ئوزۇق ئىكەن. خان ئۆز پۇقرالىرىدىن گۇماندا ـ غەمدە، يالاقچى، پايلاقچىلار-نىڭ قولى شۇملۇق ـ سىتەمدە، ئەلنىڭ قەلبى دەرد ـ ئە-لەمدە ئىكەن.

بىر كېچىسى بىر پايلاقچى ھەربىر تۈڭلۈكتىن پايلاپ، ھەر-بىر ئىشىكنى مارىلاپ، لالما ئىتتەك ھاسىراپ پالاقلاپ بىر مەھەللىدە چىراغ يورۇقىنى بايقاپ قاپتۇ. بۇ پايلاقچى شاپاشلاپ بېرىپ بىر توپ پايلاقچىلارنى باشلاپ كەپتۇ. ئۇلار تۈڭلۈك چىقارماي پەنجىرە تۈۋىگە كەلسە، ئۆي ئىچىدىن «ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار» دېگەن سۆز ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تەكرارلى-نىۋاتقۇدەك. ئۇلار بىرى ئالدىغا ئۆتسە، بىرى قېچىپ، پەنجى-رە قەغىزىدىن بىر يوچۇق ئېچىپ، ئۆي ئىچىگە شۇملۇق نە-زەرىنى چېچىپتۇ. قارىسا، بىر بوۋاي بۆز توقۇۋېتىپ، ئاتقان موكىسىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئوقۇۋېتىپ، پات ـ پات ھېلىقى سۆزلەرنى ئېيتىدىكەن. پايلاقچى دەرھال ئوردىغا قاراپ چېپىپتۇ. ئەھۋال خانغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن، خاننىڭ قۇيقا چېچى تىك بولۇپ:

— بۇ بۆزچى بەك خەتەرلىك ئادەم كۆرۈنىدۇ، ئۇنى دەرھال يوق

قىلىشنىڭ ئامالىنى قىلىڭلار! — دەپتۇ ۋەزىرلىرىگە قاراپ.

— شاھىمىنىڭ ھۆكمى بەرھەقتۇر، — دەپتۇ ۋەزىرلەر.

— جازاغا تىغلىرىمىز تەختۇر، — دەپتۇ جاللاتلار.

— بۇ ئۆكتەمنىڭ يۈرىكى قاپتەك، يۈزى داپتەك ئىكەن. ئۆكتەملەرنى جازالاپ، يۇرتنى مۇتتەھەملەردىن ئادالاپ تۇرماق لازىمدۇر. بۇ بۆزچىنىڭ يامان نىيىتىنى بېشى بىلەن قوشۇپ ئۈزۈپ تاشلىماق، تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ ئاشلىماق، — دەپتۇ قاپاق سەللە يالاقچى.

— مىڭ ئاۋامنىڭ بېشىدىن خانلىق تەختىمىزنىڭ بىر كۈنلۈك سەلتەنىتى ئەلا، ئۇلۇغ ئالىيلىرى. يۇرتتا سۇر - دەھشەتكە تولغان بىر سورۇن تۈزسەك، مۇتتەھەمنىڭ بېشىنى شۇ يەردە ئۈزسەك. لېكىن، بۇ پاسىق كۆپ بالىلىق يوقسۇل ئىكەن. ئۇنى بۇ ھالدا قەتل قىلساق، بۇزۇقلارنىڭ پىتنىسى تۈپەيلى باش ئاغرىقىدىن ساقلانماق تەس. مېنىڭچە، جازاسىنى مەيلى كېيىن، مەيلى بۇرۇن، ئەمما يوشۇرۇن بەرسەك، — دەپتۇ يەنە بىر ۋەزىر.

— ھە، شۇ چارەڭنى تېز دە! — دەپتۇ شاھ كۆزلىرىگە قان تولۇپ. قارا نىيەت ۋەزىر پادىشاھقا بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپتۇ. پادىشاھ باش لىڭشىتىپتۇ - دە، مۇنداق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ:

— كەمبەغەل بۆزچىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا تېگىشلىك «سەدىقە» بېرىڭلار!

ھايال ئۆتمەي بۆزچى ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ كەچكى غىزاسى ئۈچۈن ئالدىغا بىر تاۋاق پولۇ قويۇلۇپتۇ. «ئالغىن، يە، بۇ ساڭا ساخاۋەتلىك شاھىمىزنىڭ سەدىقىسى» دەپتۇ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرگۈچىلەر. بىراق، بۆزچى ئۆيىدىكى يېرىم ئاچ خوتۇن - بالىلىرىغا قىسىنىپ: «شاھىمىنىڭ ئىلتىپاتىغا

كۆپ تەشەككۇر. شاھ ئالىيلىرى بۇ ئاشنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ، بالا ـ چاقىلىرىم بىلەن يېيىشكە ئىجازەت قىلسا...» دەپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ.

بۆزچىنىڭ ئىلتىماسى شاھقا يەتكۈزۈلۈپتۇ. شاھ، بۇمۇ بولىدىكەن، ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئەنسىز بۆزچى ئۇرۇق ـ جەمەـ تى بىلەن قۇرۇسۇن، دەپ ئويلاپ:

ــ بوپتۇ، بۆزچى ئاشنى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن يېسۇن، ــ دەپ بۇيرۇپتۇ.

بۆزچى بىر تاۋاق ئاشنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كەلسە، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېچىپ كەتكەن قورسىقىغا ھاي بېرىپ، سەۋر قىلىپ، بۇ ئۇلۇغ شاھـ نىڭ ئائىلىمىزگە قىلغان سەدىقە نەزىرسى، ئۇنىڭغا جەزمەن ئەتىگەندە ھەممىمىز بىرلىكتە ئېغىز تېگىشمىز كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئاشنى تاختىۋېشىغا ئېلىپ قويۇپتۇ.

شۇ كۈنى پادىشاھنىڭ ئىككى شاھزادىسى بىر توپ نۆكەرلەر بىلەن شىكارغا چىقىپ، ئامەتسىز ئوۋدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ قايتقانىكەن. ئۇلار چىراغ يورۇقى كۆرۈنگەن ھېلىقى بۆزچىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ ئۆيگە كىرىشىپتۇ ـ دە، ئاچقان قورساقلىرى ئۈچۈن چاپسانراق بىرەرنەرسە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ. بۆزچى دەرھال بۇ ئېسىلزادە مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، ھېلىقى بىر تاۋاق ئاشنى داستىخانغا قويۇپتۇ. ئېچىرقىغان شاھزادىلەر ئاشتىن ئىككى ـ ئۈچ كاپام ئالا ـ ئالمايلا ئاش ئۈستىگە يىقىلىپتۇ. ھەممە داڭقېتىشىپ قاپتۇ. ۋەھىمىگە چۈشكەن نۆكەرلەر پاتىپاراق بولۇشۇپ، شاھزادىلەرنىڭ جەسىتى بىلەن بۆزچىنى دەرھال شاھ ئوردىسىغا يەتكۈزۈشۈپتۇ.

بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن شاھنىڭ كۆزلىرىگە قان

تولۇپتۇ ـ دە، ۋارقىراپتۇ:

— ئەي بۆزچى ! سەن شاھزادىلەرنىڭ جېنىغا سۈيىقەست قىلىشقا قايسى يۈرىكىڭ بىلەن پېتىندىڭ؟ !

— سۈيىقەستلىك ماڭا نامۇناسىپ، ئۇلۇغ تەقسىرىم، شاھنىڭ جىگەر پارىلىرىگە يامانلىق ئويلاش مەن گادايىنىڭ ھەددى ئەمەس ! — دەپتۇ بۆزچى.

— ئۇنداقتا، شاھزادىلەر قانداق قىلىپ سېنىڭ ئۆيۈڭدە زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ؟ ! — دەپ ۋارقىراپتۇ شاھ دەرغەزەپ بولۇپ.

بۆزچى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى قىسقا ئىزھار قىپتۇ ـ دە، بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

شاھىم، نەزەر سالمايسىز
مەن بۆزچىنىڭ بۆزىگە.
ئەمما، گۇمان ئەيلىمەڭ
بۆزچىنىڭ ھەق سۆزىگە.
تىكەن تىكسە كىم يەرگە،
تىكەن ئالار، گۇل ئالماس.
تۇكۇرسە كىم ئاسمانغا،
قايتىپ چۈشەر يۈزىگە.
بەندە قازسا يوشۇرۇن
بىر بەندىگە ئورىنى،
تەڭرىم قويار ئۇدۇللاپ
شۇ ئورىنى ئۆزىگە.
ئادالەتنى كور قىلسا
زورلۇق بىلەن ھۆكۈمران،

هەق هۆكۈمنى كۆرستەر
تەڭرىم ئۈنىڭ كۆزىگە.

بۆزچىنىڭ چىچەن لەۋزىدىن ئاققان سۆزلەردىن ۋەزىرلەرنىڭ پۇت - قولىغا تىترەك ئولىشىپتۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرى خەلق ئالدىدىكى قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشۈپ، يوشۇرۇنچە ياقىلىرىنى چىشلىشىپتۇ. هەق جازاسىنى تېتىپ، دەرمانى قۇرۇغان شاھ نىمە قىلارىنى بىلمەي تەخت ئۈستىدىلا خاپىغان كىسىلى بىلەن جان ئۈزۈپتۇ. بىگۇناھ بۆزچى شۇنداق قىلىپ بالايىبەتتەردىن ئامان قالغانىكەن.



# ھۈنەر

بۇنىڭدىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى، بىزدىن ناھايىتى يىراقتا، چەكسىز كەتكەن ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. بۇ يۇرتنىڭ يېرى مۇنبەت، سۈيى مول، ھاۋاسى ساپ ئىكەن، لېكىن قىش - يازنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ ئىكەن. يازلىقى پۈتۈن يۇرت جەننەت تۈسىگە كىرىپ، ھەممە ياقتا خۇش پۇراق، رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ، بۇلبۇل، تورغايلار يېقىملىق سايرىشىپ دىللارنى مەھلىيا قىلسا، قارا قىش كىرىشى بىلەن يازدىكى شادىيانە تۇرمۇشتىن ئەسەرمۇ قالماي، گۈل - چېچەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئەنسىز ھۇۋلىغان جۇدۇندا قۇيۇنتاز بولۇپ ئۇچۇشىدىكەن؛ ئەتراپنى ئادەم بېلى بىلەن تەڭ ئاپئاق قار قاپلاپ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىكەن؛ قار دەستىدىن كىشىلەر تالا - تۈزگە چىقالماي، پۈتۈن يۇرتتا ھاياتلىق مەۋجۇت ئەمەستەك تۇس ئالىدىكەن.

ئەنە شۇ يۇرتتا ئىككى كىشى ئارىتام قوشنا بولۇپ ئۆتكەنىكەن. ئۇلار يېقىن قوشنىلاردىن بولغاچقا، بىر - بىرى بىلەن كىرىش - چىقىش قىلىشىپ ئۆتىدىكەن. ئۇ قوشنىلارنىڭ بىرى سودىگەر، يەنە بىرى ياغاچچى ئىكەن.

سودىگەر ئۆزىنىڭ سودا - سېتىق ئىشىدا بىرنى ئىككى قىلىپ، توققۇزى تەل، سۇنسا، ھەممىگە قولى يەتكەچكە،

ھېچنېمىدىن غەم قىلماي شاھانە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. يا-
غاچچى ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە، قان - تەرىگە تايىنىپ
يوقمۇ ئەمەس، بارمۇ ئەمەس، ئاچمۇ ئەمەس، توقمۇ ئەمەس قە-
دىر ئەھۋال تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، لېكىن شۇ تۇرمۇشقا
زارلانماي، قانائەت قىلىپ ياشايدىكەن.

بۇ ئىككى قوشنىنىڭ تۇرمۇشى ئۇزۇن يىللار خاتىرجەم
ئۆتۈپتۇ. شۇ يىللاردا يەنە ياز كەپتۇ. بۇ ياز ئىلگىرىكى
يازلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە كاتتا كەپتۇ. پۈتۈن جانلىقلار-
نى كائىنات ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ، سودىگەرنىڭمۇ يازغا بول-
غان مەستلىكىنى قوزغاپتۇ. سودىگەر يازنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ،
ھايات گۈزەللىكىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئۆز ئىشىنى ئۇلغاي-
تىش ئۈچۈن ئۆيدىكى پۈتۈن مال - مۈلۈك، بىساتىنى دەسما-
يە قىلىپ، يازنىڭ مەمۇرچىلىق كۆنلىرىنىڭ بىرىدە، يىراق
بىر ئاۋات يۇرتنى نىشانلاپ سودا ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئا-
ئىلىسىدىكىلەر، قولۇم - قوشنىلار سودىگەرگە ئاقيول تىلەپ
قاپتۇ...

سودىگەر ئۆزى كۆزلىگەن يۇرتقا بېرىپ، سودا - سېتىق
ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، كۆلكىنىڭ يى-
غىسى بولغاندەك، بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ، پۈتۈن مال - بى-
ساتىنى قاراقچىلارغا ئۆلجا ئالدۇرۇپ قويۇپ: «جان بولسا جا-
ھان، ئاش بولسا قازان» دەپ، مىڭ تەسلىكتە جېنىنى ساقلاپ
قاپتۇ...

سودىگەر بىر كۈنى ئامان قالغان بېشىنى ئېلىپ، قاش
قارايغان، ئەل تىنچىغاندا ئاستا ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ. ئايال
ئېرىنىڭ شەپىسىز كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر
شۇملۇقنى سېزىپتۇ - دە، تەشۋىشتىن كۆزلىرى چانقىدىن
چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ:



— دادىسى، سىلىگە نېمە بولدى؟ — دېگەندىن باشقا گەپنى قىلالماي، ئېرىنىڭ ئۈستىدىكى چاڭ-توزان، توپىلارنى قېقىشتۇرۇپ، ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى سىلاپتۇ. سودىگەر ئەلەم بىلەن:

— ھەي، مېنى نەس باسقان ئوخشايدۇ، — دەپ ئايالىنىڭ قولىنى ئاستا بوشىتىپتۇ. ئايال ئېرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشىپ:

— دادىسى، قايتىپ كېلىۋاتقانلىقلىرىدىن خەۋەر قىلىدۋەتسىلە، قولۇم-قوشنىلار بىلەن ئالدىلىرىغا چىقماسمىدۇق، — دەپتۇ. سودىگەر ئېغىر خورسىنىپ:

— ئەل-جامائەتكە مېنىڭ چاۋامنى يېيىپ تاماشا كۆرمەكچىمۇسەن؟! — دەپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئايال ئېرىنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ، يەنە گەپ قىلىسا، ئېرىنىڭ زىتىغا تېگىپ قويىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ باشقا گەپ قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا باشقا گەپ-سۆز بولماي، يېپىق قازان يېپىق بويىچە قاپتۇ. لېكىن،

«ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك» دېگەندەك، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي
سودىگەرنىڭ بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغانلىقى ئېغىزدىن - ئې-
غىزغا كۆچۈپ سودىگەرنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. سودىگەرگە
كەلگەن بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى ئاڭلىغان قوشنىلىرى سودىگەردىن
ئەھۋال سوراپ كىرىپتۇ. سودىگەر قولۇم - قوشنىلىرىغا
رەھمەت ئېيتىپ، بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن
كېيىن سودىگەرنىڭ چىرايى ئېچىلماي، كۆڭلى غەشلىككە تو-
لۇپ، بىتاب كىشىلەردەك قولى ئىشقا بارماپتۇ. كۈنلەر
شۇنداق ئۆتىۋەرگەچكە، ياز تۈگەپ، قىش كەپتۇ. بۇ قىش
شۇنداق كەپتۇكى، قارلار ئىلگىرىكى قىشلاردىكىدىن نەچچە
ھەسسە قېلىن يېغىپ، ئادەمنىڭ بېلىگىچە ياغقان قار يەر -
جاھاننى قاپلاپ، خىرىس قىلىپ تولغىنىپ ياتقان ئاق ئەجدى-
ھادەك تۇس ئېلىپ، ھەممە نەرسىنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك
كۆرۈنۈپتۇ. شىۋىرغان ئاچ يولۋاس جاۋغايلىرىدىن كۆپۈك
چاچراتقاندەك، قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئەنسىز ھۇۋلاپتۇ،
شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يۇرت خەلقى سوغۇقتىن ئۆزىنى دالدىغا
ئېلىپ، ئۆيلىرىگە بېكىنىشكە مەجبۇر بوپتۇ. باشقا كىشىلەر
موريلىرىدىن تۈتۈن چىقىرىپ راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. سودى-
گەر بىلەن خوتۇنى بولسا، بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغان مال -
مۈلۈكنىڭ ئەلىمىدە، قىشقا ھېچ تەييارلىقى بولمىغاچقا، يازدىن
ئېشىپ قالغان ئازغىنە ئوتۇن - ياغاچنى قالاپ تۈگىتىپ، سو-
غۇق ئۆيدە دۈگدىيىپ، تىترەپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

بىر كۈنى شىۋىرغان توختاپ ھاۋا ئېچىلىپتۇ، كۈن ئۆ-
زىنىڭ نۇرىنى كائىناتقا سېپىپتۇ. سودىگەرنىڭ ئۆيىمۇ قۇياش
نۇرىدىن بەھرە ئاپتۇ. سودىگەرنىڭ ئايالى دېرىزىدىن چۈشكەن
كۈن نۇرىدا قولىنى ئىسسىتىپ ئولتۇرۇپ سىرتقا قارىغانى-
كەن، ئۆزلىرىنى نامرات چاغلايدىغان، باللىرى كۆپ ياغاچچى

قوشنىسىنىڭ تۇرخۇنىدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان ئىسنى كۆ-رۈپ، كۆز ئالدىغا ياغاچچىنىڭ ئايالى بالىلىرى بىلەن ئىس-سىق ئۆيدە راھەتلىنىپ ئولتۇرغانلىقى كېلىپ، ئۆزىنىڭ بى-چارە ھالىتىگە ئېچىنىپ، كۆڭلى يېرىم بوپتۇ ھەم خىيالى-دىن، بۇلارنىڭ شۇنچە سوغۇقتا بۇنداق بەھۇزۇر ئولتۇرۇشىدا بىر سىر بار... دېگەنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ ـ دە، شۇ سىرنى بى-لىپ بېقىشقا قىزىقىپ، ئورنىدا ئولتۇرالماي قاپتۇ.

سودىگەرنىڭ ئايالى ئاخىر ياغاچچى قوشنىسىنىڭ ئىشى-كىنى ئۇرۇپتۇ. ئىشىكنى ياغاچچىنىڭ ئايالى ئېچىپتۇ. ئۆينىڭ ئىچى دېگەندەك ئىسسىق، راھەت ئىكەن. ياغاچچىنىڭ بالىلىرى مورىنى چۆرىدەپ غەمسىز ئولتۇرۇپ كۆمەچ يەۋاتقانىكەن. سو-دىگەرنىڭ ئايالى بۇنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ كېتىپتۇ. يا-غاچچىنىڭ ئايالى ئۇنى تۆرگە ئۆتكۈزۈپ، كۆرپە سېلىپ، ئال-دىغا داستىخان راسلاپ:

— غېرىب كۆلبىمىزگە مۇبارەك قەدەملىرى يېتىپتۇ، — دەپ تەزىم قىلىپ، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان سىنچاي بىلەن كۆمەچ قويۇپ، — لايىقلىرى بولمىسىمۇ، تېتىپ باقسىلا، — دەپ چايغا تەكلىپ قىپتۇ. سودىگەرنىڭ ئايالى:

— ھەشقاللا، رەھمەت، ئاۋارە بولۇپ كەتتىلە، مەن مۇنداقلا كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقاي دەپ كىرگەنىدىم، — دەپ، رەھمەت ئېيتىپ، چايغا ئىشتىھا بىلەن بېقىپتۇ. ئۇ قىزىق چاينى ئىچىپ، تىترەپ تۇرغان بەدىنى ئىللىغاندىن كېيىن، — ۋاي جېنىم قوشنام، شۇنچە سوغۇقتا ئوتۇن ـ ياغاچنىڭ غې-مىنى قىلماي بەھۇزۇر ئولتۇرۇۋېتىپسىلەر، ئوتۇن ـ ياغاچنىڭ ئامالىنى قانداق قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ ئۆزىنىڭ تۇرخۇنىدىن تۈتۈن چىقىرالماي كېلىۋاتقانلىقىنى چاندۇرماي، ئۆزى بىل-مەكچى بولغان سىرنى ئېنىقلىۋېلىشقا تىرىشىپتۇ. ياغاچچىنىڭ

ئايالى ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلماي، ئۇدۇل قىلىپ:

— بالىلارنىڭ دادىسىنىڭ تېزىكىنى قالاپ كۆن ئېلىۋا-تىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۇچۇكىنى كۆپ تېتىمىغان سو-دىگەرنىڭ ئايالى، ئىش ئەسلىي مۇنداقكەن، بۇلار يېگەنىنىڭ كۆنجۈرىنىمۇ بىكار كەتكۈزمەيدىكەن... دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزى بىلمەكچى بولغان سىرنىڭ يېشىلگەنلىكىدىن خۇش بولۇپ، ھەشقاللا ـ رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

سودىگەرنىڭ ئايالى ئۆيگە كىرىپ ئەسكى گۈرجەكىنى تې-پىپ، ئۆينىڭ كەينىدىكى سوغۇقتا توڭلاپ كەتكەن ئادەم تې-زىكىنى چوقۇپ كىرىپ ئوچاققا سېپتۇ، لېكىن مۇز بولۇپ كەتكەن تېزەككە ئوت تۇتاشتۇرالماي، بىر كۆن ئاۋارە بولۇپ، ئېچىدە قوشنىسىنى: «مېنى ئەخمەق قىپتۇ...» دەپ يۇزمىڭنى قارغاپ كېتىپتۇ ھەم ئاچچىقىنى باسالماي قوشنىسىنىڭ ئۆ-يىگە كىرىپ:

— ھەي جېنىم قوشنام، مەن سىلىنى ئۆز چاغلاپ كى-رىپ گەپ سورىسام، مېنى يالغان گەپ بىلەن گول قىلىپ بىر كۆن ئاۋارە قىلدىلا، — دەپ، ئۆزلىرىنىڭ قىش كىرگەن-دىن بۇيانقى مورىدىن تۇتۇن چىقىرالماي ئاۋارە بولۇۋاتقانلى-قىنى ھەم ئۇلارنىڭ قانداق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى كىر-گەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ياغاچچىنىڭ ئايالى قوشنىسىنىڭ ئېيت-قانلىرىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ۋاي جېنىم قوشنام، ئوبدان قوشنام، مەن سىلىنى گەپنى چۈشىنەر دەپ، شۇنداق دەپ سايتىمەن، مېنىڭ سىلى-نى ئەخمەق ئېتىش غەرىزىم يوق. سىلى بىلىلا، بالىلارنىڭ دادىسى ياغاچچى. ئۇ ياغاچنى ئاتلاپ تۇرۇپ، ياغاچنىڭ چومى-قىنغا بىگەن چاپىدۇ، رەندە سالىدۇ، ھەممە كېرەكسىز ياغاچلار

كەينىدىن چىقىدۇ. بىز شۇ نەرسىلەرنى قالاپ، قىشنىڭ غې-
مىنى قىلىۋاتقاچقا، شۇنداق دەپ ساپتىمەن، — دەپ ئۆز سۆ-
زىگە تۈزىتىش بېرىپتۇ.

سودىگەرنىڭ ئايالى قوشنىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ،
ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىدىكى سىر باشقا ئە-
مەس، ھالال تەر ئاققۇزۇۋاتقانلىقى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ
ھەم ئۆزىنىڭ شۇنچە ئىشقا ئەقلىنى يەتكۈزەلمەي ئاچچىقلى-
نىپ يۈرگىنىگە خىجىل بولۇپ:

— قوشنام، خاپىچىلىقتا سىلىنى رەنجىتىپ قويدۇم، خا-
پا بولمىسىلا، — دەپ ئەپۇ سوراپ چىقىپ كەتمەكچى بوپتۇ.
بۇ چاغدا ياغاچچىنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— قوشنام، «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا
ئەلا» دېگەن گەپ بار. بىز قوشنا ئادەملەر، نېمە بولساق، تەڭ
كۆرىمىز، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىككى قوشنا بارنى تەڭ كۆرۈپ قىشنى
خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ. ياز يورۇپ يەرگە ئىسسىق ئۆتكەندە،
قىشنى ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزگەن ھۈنەرنىڭ كارامىتى ئى-
كەنلىكىنى چۈشەنگەن سودىگەر، ھۈنەر ئۆگىنىشنى نىيەت
قىلىپ، ئۆزىگە كۆپ ياردەم قىلغان قوشنىسىغا شاگىرتلىققا
كىرىپتۇ ھەم كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، بىر يازدا ئۇستا يا-
غاچچى بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سودىگەر ئۆز ھۈنە-
رىگە تايىنىپ ھالال مېھنىتى بىلەن ھېچ نەرسىدىن قىسىل-
ماي، خار بولماي، خاتىرجەم، باياشات تۇرمۇشقا ئىگە بوپتۇ.
ئۆز تۇرمۇشىدىن مەمنۇن بولغان سودىگەر بىلەن ئۇنىڭ ئايا-
لى: «ھۈنەر — پۈتمەس گۆھەر ئىكەن» دېيىشىپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق ئارىسىغا «ھۈنەر —
پۈتمەس گۆھەر» دېگەن ماقال تارقالغانىكەن.

# دېھقان ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى

ئۆتكەن زامانلاردا بىر دېھقان بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىنتايىن ھۇرۇن ۋە بىشەم بىر خوتۇنى بار ئىكەن. بۇ خوتۇن دائىم يېتىپ ئۇخلاش بىلەنلا بولىدىكەن، ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق ئىكەن. دېھقان ئاق كۆڭۈل، ساددا ئادەم بولۇپ، مەدىكار ئىشلەپ، تاپقىنىنى خوتۇنىغا ئەكېلىپ بېرىدىكەن. خوتۇن بولسا، ئېرى تېپىپ بەرگەن نەرسىلەرنى بۇزۇپ - چېچىپ تۈگەتكەنىنىڭ سىرتىدا، ئېرىنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئوغرىلىقچە تاماق ئېتىپ يەپ، ئېرىگە بىر قاچا ئاشمۇ قويمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېرىنى ھەر كۈنى: «ماڭا تۈزۈك كىيىم - كېچەك ئېتىپ بەرمىدىڭ» دەپ تىللايدىكەن، گاھىدا ئېرىنى كاچاتلاپمۇ كېتىدىكەن، ئۆي ئىچى ۋە تېشىنى ئاي، يىللار ئۆتۈپ كەتسىمۇ سۈپۈرۈشنى ياقتۇرمايدىكەن، ئۆينىڭ ياماق ئىشلىرى، ئۆزىنىڭ ۋە ئېرىنىڭ كىر - قاتلىرى يۇيۇلمايدىكەن. دېھقان خوتۇنىغا كۆپ قېتىم تەربىيە - نەسىھەت قىپتۇ، لېكىن خوتۇن تۈزەلمەپتۇ، ئەكسىچە تېخىمۇ بىدىشەملىشىپ، ئېرىگە كۆپ قېتىم ئېسىلىپ، جېدەل چىقىرىپتۇ. دېھقان بۇ ئەھۋالدىن غەزەپلىنىپ، كۈندە خوتۇنىنى ئۇرىدىغان، تىللايدىغان بولغانىنىڭ سىرتىدا، ئۆيدىن قوغلاپ چىد-

قارماقچى بوپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن خوتۇن ئەھۋالنىڭ چا-
تاقلىقىنى چۈشىنىپ، بىر دانىشمەننى تېپىپ، مەسلىھەت
سېلىپ كۆرۈشنى ئويلاپتۇ ـ دە، بىر دانىشمەن بوۋاينى تې-
پىپتۇ. ئۇ دانىشمەن بوۋايغا مۇنداق ئىلتىجا قىپتۇ:

— مېنىڭ ئېرىم بىرىگە كۆيۈپ قالدىمۇ، قانداق،
داۋاملىق مېنى ئۇرىدىغان، تىللايدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا
«قوپ ئۆيدىن چىق»، «خېتىڭنى ئال»، «ئۈچ تالاق قىلىمەن»
دەپ تۇرۇۋالدى. ئاجرىشىپ كېتەي دېسەم، ئېرىمگە چىدىماي-
مەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن بۇ يۇرتلۇق ئەمەس، ئۇرۇق ـ
تۇغقانلىرىممۇ يوق، ئۆي تۇتاي دېسەم، ھېچقانداق ئامال
قىلالماي قالدىم. سىلى ئاشۇ ئېرىمنى ئۆزۈمگە ئامراق قىلىپ
بەرسىلە، مېنى بۇ تاياق ـ توقماقتىن خالىي قىلىپ قويسىلا !



دانىشمەن بوۋاي ئۇنىڭغا:

— بۇ ئاسان ئىش، سىز خاتىرجەم بولۇپ ئەتە كېلىڭ، — دەپتۇ. بۇ ئايال ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە ئەتىسى يەنە دانىشمەن بوۋاينى ئىزدەپتۇ. بوۋاي بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، دانىشمەن بوۋاي يانچۇقىدىن ئۈزۈك ئۇچىكىسىدەك بىر تاشنى ئېلىپ ئايالغا بېرىپتۇ ۋە:

— سىز بۇ تاشنى ئاغزىڭىزغا داۋاملىق سېلىپ يۈرۈڭ، تاماق يېگەندىن باشقا چاغلاردا ئاغزىڭىزدا بولسۇن. بۇ تاش ئاغزىڭىزدىن چۈشۈپ كەتسە، چاتاق بولىدۇ. باشقا كىشىلەر گەپ سوراپ قالسىمۇ جاۋاب بەرمەڭ. ئۆي ئىچىدە ئىش قىلىپ قولىڭىز تىنمىسۇن، بىردەممۇ بىكار تۇرماڭ. بۇ تاش ئاغزىڭىزدا بولسىلا، ئېرىڭىز سىزنى پەقەت ئۇرمايدۇ، — دەپتۇ. ئايال بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. ئۇ شۇ ھامانلا تاشنى ئاغزىغا سېلىۋاپتۇ — دە، ئۆيىگە كېتىپتۇ. دېگەندەك، تاماق يېگەندىن باشقا چاغدا تاشنى ئاغزىدىن چىقارماپتۇ، دانىشمەن بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە، بىكار تۇرماي ئىش قىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئۆي ئىچىدە جېدەل تۈگەپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇلار ئاۋۋالقىدىنمۇ ياخشىراق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. خوتۇن ئاۋۋالقى ھۇرۇنلۇقىنى، بىشەملىكىنى تاشلاپتۇ. ئەسلىدە دانىشمەن كىشى تاشقا دۇئا ئوقۇمىغان، خوتۇنىنىڭ تولا گەپ قىلىشىنى تۈگىتىپ، ئىشقا كىرىشىپ كېتىشى ئۈچۈن شۇنداق ئامال قىلغانىكەن.

«ئېغىرلىق — رەھىمانلىق، يېنىكلىك — شەيتانلىق»، «تاشنىڭ ئېغىرى سايدا قالار، خوتۇننىڭ ئېغىرى ئۆيدە قالار» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر مانا شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# ئاكا-ئۇكا

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، نىيىننىڭ بىر يېزىسىدا بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى تاشمەھەممەت، كىچىكىنىڭ ئىسمى يارمەھەممەت ئىكەن. يارمەھەممەت باتۇر، ئىشچان، ئاق كۆڭۈل ئىكەن، قولىدىن نۇرغۇن ئىش كېلىدىكەن، جاڭگاللارنىڭ ئوي - دۆڭىنى پىششىق بىلىدىكەن. تاشمەھەممەت ئۇنىڭ ئەكسىچە، هۇرۇن، ھىيلىگەر، كالتە پەم ئىكەن. ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئىش بۇيرۇلسا، ئۇكىسى ئۇستىدىن خوجايىنلىق قىلىپ، ئۇكىسىغا قىلدۇرىدىكەن.

يىللار ئۆتۈپ بوۋاينىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپتۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا بالىلىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ:

— بالىلىرىم، مەن ئەمدى پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە رەھلەت قىلىدىغان بولدۇم. سىلەرگە قىلىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ۋەسىيىتىم بار، ئېسىڭلاردا مەھكەم ساقلاپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىڭلار: بىرىنچى، كىشىلەرگە رەھىمدىل بولۇڭلار، يېتىم - يېسىر، ئاچ - يالىڭاچلارغا قولۇڭلاردىن كېلىشىچە خەيرخاھلىق قىلىڭلار، چۈنكى خۇدا شۇنداق كىشىلەرنى دوست تۇتىدۇ؛ ئىككىنچى، نىيىتىڭلار توغرا، دىلىڭلار پاك بولسۇن، مېھنەت بىلەن ھايات كەچۈرۈشكە ئادەتلىنىڭلار، پۇل - مالنى ئۆزۈڭلارغا دوست تۇتماڭلار، پۇل دې-

گەن بەزىدە ئادەمگە دۈشمەن بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، بىر - بىرىڭلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار، ئىناق بولساڭلار سىلەرنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ، — دەپتۇ - دە، جان ئۈزۈپتۇ. بوۋاينىڭ خېلى كۆپ مال - دۇنياسى بار ئىكەن. باشقىلارنىڭ مۇسىبەت ھەلەكچىلىكى بىلەن قالغانلىقىنى ئۆزىگە چوڭ پۇرسەت دەپ بىلگەن تاشمەھەممەت ھە دەپ ئاتىسىدىن قالغان پۇل - ماللارنى جايلاشنىڭ ئامالىنى قىپتۇ. يارمەھەممەت بولسا، يىغا - زار بىلەن ئاتىسىنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىپتۇ.

بوۋاينىڭ يەتتە نەزىرى تۈگىگەندىن كېيىن ئاكىسى تاشمەھەممەت يارمەھەممەتكە قاراپ:

— ئىنىم، ئاتامنىڭ ۋەسىيىتى ئېسىڭدە باردۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن، بىز ئاتامدىن قالغان مىراسنى بۆلۈشمەيلى، بىر ئۆيدە بىللە ياشىساق، قانداق دەيسەن؟ — دەپتۇ.

— جېنىم بىلەن قوشۇلىمەن، ئاكا، سەن نېمە دېسەڭ شۇ، — دەپتۇ ئاق كۆڭۈل يارمەھەممەت ئاكىسىنىڭ غەرىزىنى چۈشەنمەي.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. يارمەھەممەت ھەر كۈنى ئېتىزغا چىقىپ ئەمگەك قىلىدىكەن، تاشمەھەممەت بولسا، ئۆي ساقلاپ قالىدىكەن. يارمەھەممەت ئېتىزدىن كەلسە، تاشمەھەممەت: «قېرى بىر سائىل كەپتىكەن، پالانى نەرسىنى شۇنىڭغا بېرىۋەتتىم...» دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئۆيدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، نەرسە - كېرەكلەرنى تۈگىتىشكە باشلاپتۇ. يارمەھەممەت ئاكىسىنىڭ ئىشلىرىنى بىرئاز سېزىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بىلمىگەنگە سېلىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. تاشمەھەممەت يۇقىرىقىدەك ئالدامچىلىقلار بىلەن ئالتۇنلارنى يوشۇرۇۋېرىپتۇ.

ئارىدىن ئاي - يىللار ئۆتۈپ، تۇيۇقسىزلا بۇ يېزىدا قاتتىق قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپتۇ. كىشىلەر سەرسان -

سەرگەردان بولۇپ، يۇرتىنى تاشلاپ باشقا ياقلارغا كېتىشكە باشلاپتۇ. بەزىلىرى جاڭگاللارغا كۆچۈپ يەر ئېچىپ، تىرىكچىلىك قىلىشقا مېڭىپتۇ. بۇلارنىڭ قاتارىدا تاشمەھەممەت بىلەن يارمەھەممەتمۇ جاڭگالغا كۆچۈشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشۈپتۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە تاشمەھەممەتنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ. ئۇ، يارمەھەممەتنى بىللە ئېلىپ ماڭسام، ئالتۇننى يوشۇرغىنىم ئاشكارا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالتۇنلارنى ئىككىيلەن تەڭ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ، بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشۇم كېرەك، دېگەن خىيالغا كەپتۇ. ئۇ شۇ خىيال بىلەن يانچۇقىدىن بىرنەچچە تەڭگىنى چىقىرىپ يارمەھەممەتكە تەڭلەپ:

— ئىنىم، مەن يول تەييارلىقىنى قىلغاچ تۇراي، سەن بۇ پۇلغا يېمەكلىك سېتىۋېلىپ كەل، — دەپتۇ. يارمەھەممەت «ماقۇل» دەپتۇ - دە، بازارغا قاراپ يول ئاپتۇ.

تاشمەھەممەت ئۇكىسىنى ئەپلەپ يولغا سالغاندىن كېيىن، ئۆيدىكى جمى ئالتۇن - كۇمۇشنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ، غىپپىدە يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئىنىسىنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ كىشىلەر ماڭغان يول بىلەن ماڭماي باشقا بىر جاڭگالغا قاراپ مېڭىپتۇ، لېكىن ئالدىراشچىلىقتا يەيدى-



غان نەرسە ئېلىۋېلىشنى ئېسىدىن چىقىرىپتۇ، كەينىگە ياناي دېسە، ئىنىسىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن قورقۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ: «مەيلىلا، پۇل بولسا، جاڭگالدا شورپا ئەمەسمۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، يولىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىپتۇ.

ئۇ ماڭا ـ ماڭا ئۇزۇن يىللاردىن ھېچكىم ئاياغ باسمىغان بىر جاڭگالغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپتۇ. ماڭغانسېرى ئۇنى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق راسا قىيناشقا باشلاپتۇ. كەچ بولغاندا ئۇ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە ھاردۇق دەستىدىن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ، بىرھازادىن كېيىن ئاستا ھوشىغا كېلىپ تىڭشىسا، ئەتراپىدا ياۋايى ھايۋانلار دەھشەتلىك ھۇۋلاۋاتقۇدەك. ئۇ جان قايغۇسىدا ۋارقىراپتۇ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپتۇ، بىراق ئالتۇن سېلىنغان خۇرجۇن بويىنىغا ئېسىقلىق بولغاچقا، ھەرقانچە زورۇقۇپ باقسىمۇ، ئورنىدىن تۇرالماپتۇ، شۇنداق قىلىپ، دەھشەتلىك قورقۇنچ ۋە قاتتىق ئاچلىق ئازابى دەستىدىن خۇرجۇننى بويىنىغا ئارتقان پېتى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ.

يارمەھەممەت بازاردىن يەيدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ ئۆيگە كەلسە، ئۆيدە ئاكىسى يوق. بۇ ئىشتىن ھەممىنى چۈشەنگەن يارمەھەممەت بىر «ئۇھ !» تارتىپتۇ ۋە بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ، بازارغا بېرىپ بىر كەتمەن، بىر چېلەك، بىر ئوقيا سېتىۋېلىپ كەپتۇ. شۇ كېچىسى ئاتىسىنىڭ بېشىدا تۈنەپ، سەھەر بىلەن تەڭ جاڭگاللىققا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە يول مېڭىپ ھارغان يارمەھەممەت بىر چۆل ـ باياۋانغا كەلگەندە، بىردەم ئارام ئېلىۋالماقچى بولۇپ يېتىپتۇ ـ دە، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە دادىسى ئاق كىيىم بىلەن ئاپئاق ساقىلىنى سىلىغان ھالدا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بالام، سەن نىيىتىڭنى ناھايىتى توغرا تۇتتۇڭ، شۇڭا

مەن سەندىن رازى. ئەمدى سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئوڭ تە-رىپىڭگە يەتتە قەدەم مېڭىپ، دەسسىگەن يېرىڭنى چاپساڭ، ئۇ يەردىن سۇ چىقىدۇ. شۇ جايدا كۆمۈلۈپ قالغان بىر بۇلاق بار. سەن شۇ سۇدىن پايدىلىنىپ يەر ئېچىپ، باغ بىنا قىل-غىن، — دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

يارمەھەممەت چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ، قارىسا، يېنىدا باغلام - باغلام كۆچەتلەر تۇرغۇدەك. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چۈشىدە كۆرگىنى بويىچە كەتمەننى قولىغا ئېلىپ، يەتتە قە-دەم مېڭىپ كەتمەننى چېپىشىغا سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى بۇل-دۇقلاپ چىقىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەر ئېچىشقا باشلاپ-تۇ. قورسىقى ئاچسا، كېيىك ئوۋلاپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپتۇ، ئۇسسىسا، بۇلاق سۈيىدىن ئىچىپتۇ، ئاچقان يەرلەرگە كۆچەتلەرنى تىكىپتۇ...

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە بۇ كۆچەتلەر مېۋىگە كىرىپتۇ، قاقاس چۆلدە ئارامبەخش بىر باغ بىنا بوپ-تۇ. بۇ باغنىڭ تەرىپى ئەتراپقا يېيىلىش بىلەن تەرەپ - تە-رەپتىن مۇساپىرلار كېلىپ باغقا توپلىنىشىپتۇ.

مۇشۇ يەرگە قوشنا شەھەر پادىشاھىنىڭ ناھايىتى سا-ھىبجامال، تەڭداشسىز گۈزەل بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىز ھەر چارشەنبە كۈنى كېنىزەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ بىر چارشەنبە كۈنىمۇ ئادىتى بويىچە كېنىزەكلىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ، پېشىن-گىچە يۈرۈپتۇ، ھېچقانداق بىر جانىۋار ئۇچرىتالماي تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتسا، ئالدىدىن بىر كېيىك چىقىپ قېچىپ-تۇ. قىز كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. كېيىك ھېلىقى باغنىڭ يېنىغا بېرىپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. قىز بۇ چۆل - باياۋاندا ئىچىدە بۇنداق ھەشەمەتلىك باغنىڭ پەيدا بولۇپ قال-

غانلىقنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە باغنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قارىسا، دەرۋازىنىڭ ئوڭ ـ سولىدا ئىككى يىگىت تۇرغۇدەك. مەلىكە ئۇلاردىن بۇ كىمنىڭ بېغى ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ ھەم باغقا كىرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. يىگىتلەر بۇ ئىشنى يارمەھەممەتكە خەۋەر قىلغانىكەن، يارمەھەممەت ئۇلار-نىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ ۋە باغدىكى ئۆيگە باشلاپتۇ. ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، يارمەھەممەت قىزنىڭ پادىشاھنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپتۇ. قىز يىگىتنىڭ كې-لىشكەن تەقى ـ تۇرقىغا زوقلىنىپ قاراپ، ئۇنى كۆڭلىدە ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. يىگىتنىڭمۇ كۆڭلىگە بىر ئاز ئىسسىق ئۆتۈپ قاپتۇ. ئاڭغىچە يىگىتنىڭ دوستلىرى قىزنىڭ ئالدىغا ھەر خىل مېۋە ـ چېۋە، قەنت ـ گېزەكلەرنى كەلتۈرۈپتۇ. مەي باغلاپ پىشقان بۇ مېۋىلەر ھاردۇق يېتىپ ئاران كەلگەن مەلىكىگە شۇنداق تېتىپتۇكى، ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ھېچقاچان مۇنداق شېرىن مېۋىلەرنى يەپ باقمىغاندەك ھېس قىپتۇ. داستىخان يىغىلىپ، قول يۇيۇلغاندىن كېيىن، قىز يىگىتكە قاراپ:

— بۇ مېۋىلەر ناھايىتى تاتلىق ئىكەن، بىراق ئىچىدىكى مېغىزى تاشتىنمۇ قاتتىق ئوخشايدۇ، — دەپتۇ. يىگىت بۇ سۆز-نىڭ مەنىسىنى دەرھال چۈشىنىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— ھۆرمەتلىك مەلىكەم، سىلىگە شۇنداق تۇيۇلغان ئوخ-شايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ مېغىزى مېۋىسىدىنمۇ يۇمشاق، ئۇ ھازىر ئېرىپ كېتىشكە ئازلا قېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان مەلىكە يارمەھەممەتكە ئىللىق بىر تەبەسسۇم قىپتۇ ۋە كېنىزەكلىرىگە قاراپ:

— دوستلىرىم، بۇ گۈزەل باغقا چىقىپ سەيلە ـ تاماشا قىلىڭلار، — دەپتۇ.

يارمەھەممەتمۇ يىگىتلىرىگە قاراپ باش ئىشارىسى قىلغا-

نىكەن، ئۇلارمۇ كېنىزەكلەرگە قوشۇلۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆيدە پەقەت يارمەھەممەت بىلەن مەلىكىلا قاپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت مەلىكىگە قاراپ:

— ھۆرمەتلىك مەلىكەم، بۇ يەردە يات ئادەم بولمىغاندىن كېيىن، چۈمپەردىڭىزنى قايرىۋەتسىڭىز، — دەپتۇ.

مەلىكە چۈمپەردىسىنى شۇنداق قايرىشىغا، ئۇنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرگەن يىگىتنىڭ ئىشقىغا يەنە بىر ھەسسە ئىشق قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار خېلى ۋاقىتقىچە مۇڭدىشىپتۇ، چاقچاقلىشىپ كۈلۈشۈپتۇ. ئاخىردا قىز يىگىتتىن ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ۋە مۇشۇنچىۋالا باغنى قانداق بىنا قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. يارمەھەممەت ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ تۈگەتكەندە، قىز ئۇنىڭ ئەقلىگە ۋە غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىز ھەر چارشەنبە كۈنى مۇشۇ يەرگە كېلىپ ساياھەت قىلىشقا ۋەدە قىلىپ ئوردىغا قايتىپتۇ ۋە ئۆزۈن مەزگىللەرگىچە يىگىت بىلەن ھەر چارشەنبە كۈنى ئۇچرىشىپ تۇرۇپتۇ. ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ، قىزنىڭ ئاتىسى تۇيۇقسىزلا قازا قىپتۇ. ئوردىدىكى ئەلەمدار - قەلەمدارلار شاھنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن قىز كىمنى تاللىسا، شۇنى پادىشاھ قىلىپ تەيىنلىمەكچى بوپتۇ. قىز يىگىتنى دەرھال ئوردىغا باشلاپ كېلىپ، ئۇنى شاھلىق تەختىگە تەكلىپ قىپتۇ. يىگىت ھەر چارشەنبە كۈنى ئۆزى بىنا قىلغان باغقا كېلىپ سەيلە قىلىش ۋە مۇساپىر دوستلىرىنى يوقلاپ تۇرۇش شەرتى بىلەن تەسلىكتە ماقۇل بوپتۇ ھەمدە باغقا ئەقىللىق بىر يىگىتنى باغۋەنلىككە تەيىنلەپتۇ.

ئوردا ئەھلى قىزنىڭ تەلىپى بويىچە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ شاھلىق تەختىنى يىگىتكە ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە قىزنى نىكاھلاپ بېرىپتۇ. يىگىت ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

# سىلىقلىقتىن ئىللىقلىق ياخشى

زامان ئاۋۋالدا، ئەل - يۇرت ئىچىدە بىكار تەلەپلىكى بىلەن تونۇلغان ھېكىم سۆلەت ئىسىملىك بىر بايۋەچچە ئۆتكەنىكەن. ھېكىم سۆلەت ھەرقانداق ۋاقىتتا غەلىتە ياسىنىپ، ئاجايىپ - غارايىپ كىيىنىدىكەن - دە، مۇلايىم چاققان ئىسىملىك مالىيىنى كەينىگە سېلىپ، ئاق بوز ئېتىنى مىنىپ، قارچىغىسىنى قولىغا قوندۇرۇپ يىل بويى خالىغان يېرىگە بېرىپ ئوۋچىلىق قىلىدىكەن. ئوۋچىلىقتىن ئالغان ئاز - تولا غەنىيمەتلىرىگە خۇشال بولۇپ، تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا ماختىنىپ يۈرىدىكەن. قاش قارايغان ھامان بېشى قايغان، پۈتى تايغان يەرلەرگە بېرىپ، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ، خالايىقنىڭ نەزەرىدىن چۈشكەنىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېكىم بايۋەچچە باشقىلاردىن شەھەردىن خېلى يىراق بىر جايدىكى ھەر خىل ياۋايى جانىۋارلار تولىمۇ كۆپ بولغان گۈزەل بىر ئورماننىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپتۇ - دە، ئۇنىڭدا شۇ يەرگە بېرىپ ئوۋ قىلىپ، ئەل - خالايىقنى تاڭ قالدۇرۇش ئىستىكى تۇغۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مالىيى مۇلايىم چاققانغا سەپەر تەييارلىقىنى تېزدىن پۈتتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپ، ئۆزى بۇ قېتىمقى سەپەرگە مۇناسىپ كېلىدىغان كىيىم تاللاشقا كىرىشىپتۇ.

مۇلايىم چاققان بۇ قىزنىڭ ئوۋ قىلىدىغان يەرنىڭ بەكمۇ گۈزەل، مول غەنىيمەتلىك جاي ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، بىراق ئىشىكنىڭ قىرىپ، ئورۇقلاپ، ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ قوتۇر ئىشەكنىڭ ئۇزۇن يول ۋە ئېغىر يۈككە بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىپ ئۆزلىرىنى چۆلدە قويۇشتىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، غوجىسى ھېكىم بايۋەچچىدىن ۋاقىتنى كېچىكتۈرۈشنى ياكى باشقا ئىشەك ئالماشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ، ئەمما سەپەرگە ئالدىراۋاتقان ھېكىم بايۋەچچە مالىيىنىڭ ئەزمىلىكىدىن قاتتىق رەنجىپ:

— «قوتۇر ئىشەك يۈككە ئامراق» دېگەننى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ تولا تىلىڭنى چاينىماي چاپسان تۇتۇش قىل، باش توخۇ بىلەن تەڭ يولغا چىقىمىز، ھارامزادە! — دەپ دوق قىلىپ تىل ساپتۇ. ھېكىم بايۋەچچىنىڭ ئاھانىتىدىن قورقۇپ كەتكەن مالاي:

— خوش، غوجام، توغرا ئېيتتىلا، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ ۋە كېچىچە تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپتۇ. توقسان ياماق پاختىلىق چاپىنىنى كىيىپ، دېگەن قەرەلدە بايۋەچچىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ھازىر بولۇپ تۇرۇپتۇ. كۆز كۆنلىرى بولسىمۇ، ھېكىم بايۋەچچە خۇددى ئالتىنچى ئايدىكىدەك بېشىغا تەلپەك، ئۇستىگە يىپەك كەمزۇل، يالاڭ تامبال كىيىپ، ئېگەر - يۈگەن، قۇشقۇن، تۆشۋاغلىرى كۈمۈشتىن نەقىشلەنگەن ئاق بوز ئېتىنى ئوينىتىپ، تويغا ماڭغاندەك چىقىپ كەپتۇ. مۇلايىم چاققان بايۋەچچىنىڭ بۇ سۆلىتىنى كۆرۈپ ئىچىدە كۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ھەۋەسى كەلگەن قىياپەتتە سىرلىق ھىجىيىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. مالىيىنىڭ تەخ بولۇپ تۇرغانلىقىدىن خۇش بولغان بايۋەچچە:

— توقسان ياماق ئاتا تەگمىشلىرىڭنى جىنىڭغا جاپا

قىلىپ ئېمانچە قاتلاپ كېيىۋالدىڭ؟ ۋوي، سولتەك ! قېنى، قوتۇرۇڭنى مەن، ئەمسە يولغا چىقتۇق، — دەپ مەسخىرە قىپتۇ.

مۇلايىم چاقىقان بايۋەچچىنىڭ يالاڭ كېيىنىۋالغىنىغا بىر- نېمە دېيىشنى ئويلاپتۇيۇ، يەنە كۆڭلىگە بىرنەرسىنى پۈكۈپ گەپ قىلماپتۇ. ئۇلار شۇ تەرىقىدە مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئالاھازەل قىرىق - ئەللىك چاقىرىم يول يۈرۈپ چۈش بولاي دېگەندە چاقاغا دېگەن بىر سايغا كەپتۇ. ھېكىم بايۋەچچە ئې- تىنى ئويىنىتىپ، ئوۋ قوغلاۋاتقان قۇشنىڭ كەينىدىن چېپىپ پات - پاتلا مۇلايىم چاقىقاندىن ئۆزاپ كېتىدىكەن ھەم ئېشەك- نىڭ ئۆزىگە يېتىشىپ ماڭالماي يولنىڭ ئاۋۇمايۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنىپ مالىيىنى تىللاپ كېتىدىكەن:

— ھوي لايغەزەل، چۇمۇلىدەك ماڭساڭ، قانداق يول ئاۋۇ- تىمىز؟ قوتۇرۇڭنىڭ جېنى چىقمايدىغان يېرىگە ئۇرە !

— خوش، غوجام، — دەپ قويىدىكەن مۇلايىم چاقىقان ئارانلا كېتىۋاتقان ئېشىكىگە قاراپ قويۇپ ۋە قامچىسىنى تو- قۇمغا ئاستا ئۇرۇپ قويىدىكەن.

بايۋەچچىنىڭ قۇشى ئەمدىلا قاتارغا قوشۇلغان ئىككى توشقاننى تۇتقانىكەن، ئۇ:

— نېمىدېگەن سېمىز توشقانلار - ھە ! بۈگۈن ماڭا ھەزرىتى پىرلار ئامەت ئاتا قىلغان ئوخشايدۇ، — دەپ بەكمۇ خۇش بولۇپ كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ.

ھېكىم بايۋەچچە بىلەن مۇلايىم چاقىقان بىرى ئالدىدا، بىرى كەينىدە مېڭىپ سايدا يەنە بىرھازا يول يۈرگەندىن كې- يىن، ئۇلار سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ، قۇشلار سايرىشىپ، جا- نىۋارلار قىيغىتىپ ئويناپ تۇرغان شۇنداق بىر گۈزەل جايغا كەپتۇ. بۇ باشقىلارنىڭ ماختىغىنىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق

گۈزەل بىر يايلاق ئىكەن. خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتـ-
ماي قالغان ھېكىم سۆلەت قارچىغىسىنى قويۇپ بەرگەنىكەن،
قارچىغا ئوقتەك كۆك قەرىگە ئۆرلەپتۇ - دە، چاقماق تېزلىـ-
كىدە تۆۋەنگە شۇڭغۇپ چۈشۈپ بىر كېيىك ئوغلىقىنى بېشىـ-
دىن قاماللاپتۇ. بىردەمدىلا مۇنداق چوڭ ئولجىغا ئېرىشكەن
بايۋەچچە خۇشاللىقىدىن ئېتىنى ھەريان چاپتۇرۇپ، كۈن نەيـ-
زە بويى قالغۇچە توختىماي ئوۋ ئوۋلاپتۇ. ھايت - ھۇيت دېـ-
گۈچە قىرغاۋۇل، توشقان، تۈلكە، جەرەندىن بولۇپ ئون نەچچە
جانىۋارنى ئوۋلاپ، ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ئولجىغا ئېرىـ-
شىپتۇ. مۇلايىم چاققان قوتۇر ئېشىكىنى سوكۇلدىتىپ، ھېـ-
كىم بايۋەچچە ئوۋلىغان غەنىيمەتلەرنى يۈدۈپ يۈرۈپ ماجالى
قالماپتۇ. بىر چاغدا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئېشەك چىملىق
ئۈستىدە يېتىۋېلىپ زادىلا تۇرالماپتۇ. بايۋەچچىنىڭ ئېتىمۇ،
ئۆزىمۇ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ قاش قارىيىشقا
باشلىغاندا ئوۋنى توختىتىپتۇ. قورسىقى ئېچىپ غولدۇرلاپ
كەتكەن بايۋەچچە چىملىقتا ئوڭدىسىغا يېتىپ، مالىيىنى ئو-
تۇن تېرىپ، گۈلخان يېقىپ قىرغاۋۇلدىن بىرنى كاۋاپ قىـ-
لىشنى بۇيرۇپتۇ. مۇلايىم چاققان دەرھال ئىشقا كىرىشىپ،
قۇرۇق ئوتۇننى تەخ قىپتۇ. ئوت يېقىش ئۈچۈن بايۋەچچىنىڭ
تاش چاقمىقىنى سوراپتۇ. بايۋەچچە يانپىشىنى سىلاپلا چۆچۈپ
كېتىپتۇ، تاش چاقماق ئاللىقاچان چۈشۈپ قالغانىكەن.
— غوجام، ئوت يېقىشقا ئامال قالمىدى، ئەمدى ئېلىۋالـ-
غان نانلىرىمىزنى يەپ، بۈگۈن كېچىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرايلى،
«بۈگۈنكىنى يەپ، ئەتىنى خۇداغا قوي» دېگەن گەپ بار ئە-
مەسمۇ؟ ئېشەك بەربىر ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، ئولجىلارنى يۈ-
دۈشكە تېخىمۇ ئىمكان يوق، — دەپ قاپاقتىكى سوغۇق چاي
بىلەن قۇرۇق ناننى يەپ، قورساقلىرىنى تويغۇزۇشۇپ ئۇخلىـ-

ماقچى بوپتۇ. بايۋەچچە ئالمادىس بىرەر يىرتقۇچنىڭ ھۇجۇ-
مىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مالىيىنى ئۇخلىماي كۆزەتچىلىك
قىلىشقا بۇيرۇپتۇ، ئۆزى ئېگىرىنىڭ ئېچىمكىنى ئاستىغا
سېلىپ چىم ئۈستىدە يېتىپ قاپتۇ. مۇلايىم چاققانمۇ باي-
ۋەچچىدىن كېيىنلا ئېشىكىنىڭ توقۇمىنى ئەكېلىپ، بىر
ئويمانغا چۈشۈپ تۈگۈلۈپ يېتىپتۇ. مۇلايىم چاققان نەم شا-
مالنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغانلىقىنى سېزىپ ئاسمانغا قارىسا، كۆك-
نى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، بىرمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ بەك
چارچاپ كەتكەچكە، بىردەمدىلا ئۇخلاپ قاپتۇ. تۈن نىسپى
بولغاندا، ئۇ ئۈستىگە تاراسلاپ چۈشكەن مۆلدۈرنىڭ زەربىسى-
دىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. چۆچۈپ كەتكەن مۇلايىم چاققان
بايۋەچچە ياتقان يەرگە قارىسا، يوق تۇرغۇدەك. ئوبدان سىنى-
چىلاپ قارىسا، بىچارە بايۋەچچە مۆلدۈرنىڭ ئۇرۇشىغا چىدىماي
ئېتىنىڭ ئاستىغا كىرىپ پاناھلانماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇلايىم چاققان توقۇمنى بېشىغا ئارتىپ
بېرىپ بايۋەچچىنىمۇ پاناھىغا ئالماقچى بولغىنىكەن، بايۋەچچە
مالىيىنىڭ ئۆزىنى ئات ئاستىدا تۇرغىنىدا كۆرۈپ قالغانلىقى-
دىن نومۇس قىلىپ، ئۇنى تىللاپ كېتىپتۇ ۋە دەرھال ئاتنىڭ
ئاستىدىن چىقىپ بېشىنى چاڭگاللاپ، چىلىنىڭ چۈجىسىدەك
تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا مۆلدۈر توختاپتۇ.
ئەمما، كۈزنىڭ سوغۇق جۇدۇنى كۈچىيىپ، ئىزغىرىن شامال
چىقىشقا باشلاپتۇ. بايۋەچچە پاناھلىنىش ئۈچۈن ئوت - چۆپ-
لەرنى يىغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ياتقان بولسىمۇ،
چۆپتىكى نەم ۋە سوغۇق شامال جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كې-
تىپتۇ. سۆلەتۋاز بايۋەچچە يالاڭ كىيىنىۋالغانلىقى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە نەم يەردە ياتقانلىقى ئۈچۈن سوغۇقتىن بەزگەكتەك
تىترەشكە باشلاپتۇ، ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلداپ، ھەرقانچە

قىلسمۇ توختىتالماپتۇ. مۇلايىم چاقىقان بولسا، توقۇمنى ئاستىغا سېلىپ ئوت - چۆپلەرنىڭ دالدىسىدا يېتىپ دەم ئاپتۇ. بىر چاغدا ئۇ بايۋەچچىنىڭ ھالىغا چىدىماي، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ۋە:

— غوجام، بەك تۇگۇلۇپ كەتتىلە، لايىقلىرىدا باشقا نەرسە بولمىغاندىكىن قېلىنراق توقۇمنى بولسىمۇ، ئۈستىلىرىگە يېپىپ قويايمۇ؟ — دەپتۇ. توڭلاپ ھالىدىن كەتكەن بايۋەچچە يەنىلا تەن بەرمەستىن:

— يوقال، قوتۇر ئېشىكنىڭ ئۈستىدىكى شۈپتۈرنى ماڭا ياپماقچىمۇسەن؟ ۋۇي كۆڭلى قارا كاززاپ ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. مۇلايىم چاقىقان:

— خوش، غوجام، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، — دېگىنىچە ئورنىغا يېنىپ كېلىپ يېتىپ قاپتۇ. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن، سوغۇق ھېكىم بايۋەچچىنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ھىڭگاڭ چىشلىرىنىڭ كاسىلدىغان ئاۋازىنى مۇلايىم چاقىقان نەچچە قەدەم نېرىدا تۇرۇپمۇ ئاڭلاپتۇيۇ، لېكىن يەنىلا جىم يېتىپتۇ. بىر چاغدا ھېچ تاقىتى قالمىغان بايۋەچچە تىلىنى چايناپ:

— مۇ...لايىم چاق... قان، — دەپ چاقىرىپتۇ.

— خوش، غوجام، — دەپتۇ مالاي ئورنىدىلا يېتىپ ھېچ نەرسە سەزمىگەن قىياپەتتە.

— بەك ... بەك تو ... ڭۇپ كەت ... تىم، بايىقى ... بىرنېمەڭنى ئىس ... ئىس ... ئىسمىنى ئاتىمايلا... ئۈستۈمگە، — دەپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق ئارىسىدا «سىلىقلىقىدىن ئىللىقلىقى ياخشى» دېگەن تەمسىل تارقالغانىكەن.

# ئادىل ھەم دادىل ۋەزىر

بۇرۇنقى زاماندا پادىشاھ جەمەتىدىن بولغان بىر بەگ بار ئىكەن. ئۇ پارىخورلۇققا تايىنىپ ناھايىتى كۆپ بايلىق يىغىۋالىدىكەن. ئۇ دائىم ناھەق ھۆكۈم چىقىرىپ، گۇناھسىز پۇقرالارغا ئازاب سالىدىكەن. بەزىلەر پادىشاھقا شىكايەتنامە يازغان بولسىمۇ، بەگ دائىم ئۆزىدىن قىممەتلىك سوۋغات ئېلىپ تۇرىدىغان باش ۋەزىرگە يۆلىنىپ، ئۆز ئەيىبىنى ياپىدىكەن ۋە شىكايەتچىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىكەن.

پارىخورنىڭ نەپسى بىر ھاڭ، تەكتى يوق،
خەزىنىمۇ چۈشسە ئاڭا، چۆكتى، يوق.
پارىخوردىن كۈتمىگىل ئادىل نەزەر،
نەپسى قويمايدۇ ئادالەتتىن ئەسەر.

پادىشاھنىڭ ئەخمەت ئىسىملىك يەنە بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ بۇ يۇرتقا كېلىپ پۇقرالارنىڭ ئاھ - زارىنى ئاڭلاپ، بەگنىڭ چېكىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىنى ئېنىقلاپ، ئۇنى مەنسەپتىن قالدۇرۇپ، زىندانغا ساپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھەققىدە پادىشاھقا تەكلىپ سۇنۇپتۇ. باش ۋەزىر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ تەشۋىشلىنىپتۇ ۋە ئەخمەتنى ئۆزى ئۈچۈن كۈشەندە، ئاپەت دەپ بىلىپ، ئۇنى پادىشاھقا چېقىپ:

— ئۇلۇغ شاھىم، ۋەزىر ئەخمەتنىڭ شاھ جەمەتىگە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بۇنداق ئېغىر جازا بېرىشىدە يامان غەرەزى بار. مېنىڭ سادىق يۈرىكىم ۋەزىر ئەخمەتتىن شاھقا يەتكۈسى خەتەردىن ئەنسىرىمەكتە. شۇڭا، ئۇنىڭ قارارىنى رەت قىلىش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ ئۆزىگە قاتتىق جازا بېرىش زۆرۈر، بولمىسا، شاھىمىزنىڭ ئابرۇيى، سەلتەنىتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ، — دەپتۇ.

باش ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، مىرشەپلەرگە:

— دەرھال ۋەزىر ئەخمەتنى باغلاپ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار ! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

گەرچە ئادىل بولسىمۇ شاھ، ئەمما ھوشيار بولمىسا،
ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىپ ئالمىقى مۇشكۈل - قىيىن.
پايلىماي كەلگەن غەزەپ قوغلايدۇ ئادەم ئەقلىنى،
شۇندا كىم قىلسا ھۆكۈم بارماقنى چىشلەيدۇ كېيىن.



پەرمان بىلەن ۋەزىر ئەخمەت باغلاپ كېلىنىپتۇ. پادشاھ ئۇنىڭغا جازا ھۆكۈم قىلىش ئالدىدا:

— ئەي ئەتىۋارىنى بىلمەيدىغان يۈزسىز، بۇ ئىشتا مېنىڭ يۈزۈمنىمۇ قىلمىدىڭمۇ؟ ! — دەپ دوق قىپتۇ.

— ئۇلۇغ شاھىم، — دەپتۇ ئەخمەت ۋەزىر ۋە بەگنىڭ قىلمىشلىرىنى قىسقىچە بايان قىپتۇ، ئاندىن، — مەن كىمە-نىڭ يۈزى چوڭ بولسا، شۇنىڭ رايىغا بېقىشقا مەجبۇرمەن. بۇ ئىشتىمۇ ھەقىقەتنىڭ يۈزى چوڭ كەلدى. ۋەزىر ھەقىقەت ئالدىدا يەرگە قاراپ قالسا، پادشاھنىڭ يۈزگە قانداق قارىيالى-سۇن؟ ! — دەپ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى پادشاھقا قاتتىق تەسىر قىپتۇ، ئېنىق دەلىل - ئىسپاتلار ئالدىدا ئەخمەت ۋەزىرنىڭ قارارىنىڭ توغ-رىلىقىغا قايىل بوپتۇ، ئۇنى باغلاقتىن يەشتۈرۈپ:

— ھەقىقەت سېنى ئاقلىغان يەردە، مېنىڭ ساڭا جازا بېرىشكە ھەققىم يوق. سەن مېنى ئادىل ۋە دادىللىقىڭ بىلەن تەسىرلەندۈرۈپ، ھەقىقەت ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ جازالىنىش-تىن ساقلىدىڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا مۇكاپات بېرىشىم كې-رەك. جازا ھەقىقەت ئالدىدا يەرگە قاراشتىن ھەزەر قىلمايدى-غان، ساختا ئىناۋەت ۋە نەپسانىيەت مەستانىسى بولغان شۇم نىيەتلەرگە تېگىشلىك ! — دەپتۇ - دە، باش ۋەزىرنى جازالاپتۇ.

گەرچە توغقان مېھرى ئۈستۈن بولسىمۇ،\
تەڭلىشەلمەيدۇ ھەقىقەت بەستىگە.\
چۈشىدۇ موللاق ئېتىپ توغقاننى دەپ،\
دەسسىسە كىمكى ھەقىقەت ئۈستىگە.

شان ـ شەرەپتىن تاج كىيگەن بەزىلەر
نەپسىدىن، شەخسىي ئىناۋەتتىن كېچىپ.
بەزىلەر قالغۇسى نەپرەت ئاستىدا،
نەپس، ئابرۇي دەپ ھەقىقەتتىن كېچىپ.

زەخىملەنسەڭمۇ ھەقىقەت ئالدىدا،
تاتۇقى ھەرقانچە گۈلدىنمۇ ئېسىل.
شۇندا ئاققان تامچە قاننىڭ مېۋىسى،
تاغ بىلەن تەڭ مول ھوسۇلدىنمۇ ئېسىل.



# ھەشتە

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بۇ دۇنيا يېڭىدىن مەۋجۇت بولغان زاماندا، بۇ ئالەم ھازىرقىغا ئوخشاش غەرب ـ شەرق دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەنىكەن. شۇڭا، غەربنى بىر پادىشاھ، شەرقنى بىر پادىشاھ سورىغانىكەن. يىللار ئۆتۈپ بۇ ئىككى پادىشاھ ئوتتۇرىسىدا بايلىق، زېمىن تالىشىپ ئىختىلاپ پەيدا بوپتۇ. بۇ ئىختىلاپ تۈپەيلى ئىككى پادىشاھلىق چۇجە خورازلارغا ئوخشاش كۈندە جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىدىكەن. كۈندە جېدەل ـ ماجىرا چىقارمىسا، ھەپتە ـ ھەپتىدە جېدەل ـ ماجىرا چىقارمىسا، ئايدا بىر نۆۋەت ئۆزئارا جەڭ قىلىپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ ئاي توشۇپ، يىل ھېسابى بويىچە نەچچە ئون يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئىككى پادىشاھ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ زادى بىر تەرەپ بولماپتۇ. بۇ تەپرىقىچىلىكتە ئەلمۇ تىنچىماي، سەرسان ـ سەرگەردانلار كۆپىيىپ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ جەسەتلىرى كوچىغا تولۇپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان يۇرت ئۆلىمالىرى باش قوشۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىئالەم، جاھانشۇمۇل شاھ ئىكەنلىكلىرى ھەممىگە ئايان، ئەل دائىم پادىشاھىمىزنىڭ ھىممىتىگە موھتاج، پادىشاھنىڭ سايىسىدە ھايات كەچۈرىدۇ، پادىشاھ-

نىڭ پەرمانىغا پەرمانبەردار. شۇڭا، پادىشاھىمىزدىن نام -
نىشانلىرىغا، ئابرۇي - سەلتەنەتلىرىگە نۇقسان يېتىدىغان جەڭ-
گى - جېدەلنى توختىتىپ، ئەلنى تىنچىتىپ، ئەلنىڭ يىغى-
سىنى يىغلاپ، يۇرتنى گۈللەندۈرۈشنى ئەل - يۇرت، قوۋم - قې-
رىنداشلار تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنمەكتە، بىز شۇڭا ... — دې-
يىشىگە، پادىشاھ غەزەپلىنىپ، تۈكۈرۈكىنى چاچرىتىپ:

— ھۇ كالۋا ئىشەكلەر، قېنى مېنىڭ سىلەرنى يۇرتنىڭ
چوڭى دەپ بېشىمغا ئالغىنىم؟ مەن سىلەرنى، يۇرتنى، ئەلنى
دەپ قان تۆكۈۋاتسام، كىم مېنى ئەل غېمىنى يېمىدى دەيدى-
كەن؟! كىم ئەلنى گۈللەنمىدى دەيدىكەن؟! مەن سىلەرچە-
لىك بىر نەرسىنى پەم ئېتەلمەمدىكەنمەن؟! سىلەر ماڭا ئەقىل
ئۆگەتمەكچى بولۇشۇۋاتامسىلەر؟! ئەگەر ماڭا ئەقىل ئۆگەت-
مەكچى بولۇشساڭ، ئۇ ئالەمگە بېرىپ ساقلاپ تۇرۇش!... —
دەپ قانچىلىغان ئۆلىمالارنىڭ ھايات شامىنى ۋاقىتسىز ئۆ-
چۈرۈپ جەھەننەمگە يوللاپتۇ. بۇ ھال بىر قانچە، ھەتتا ئون
نەچچە قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەلنىڭ دىمى تې-
خىمۇ ئىچىگە چۈشۈپ، بېشى ساڭگىلاپ: «جاھان ساڭا باقمى-
سا، سەن جاھانغا باق» دەپ، يۇرت ئۆلىمالىرىمۇ باش كۆتۈرۈپ
چىقىپ جاھاننى تىنچىتىشنى خىيالمۇ قىلماي، ئۆلۈمدىن
ئۆز بېشىنى قاچۇرۇپ يۈرۈشۈپتۇ.

ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. ھەر ئىككى پادىشاھ ئا-
رىدىكى ئىختىلاپنى تىنچ يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ،
جەڭگى - جېدەلنى تۈگىتىپ، جاھاننى تىنچىتىپ، ئەلنى خا-
تىرجەم قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى، شانۇشەۋ-
كىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق، سەلتەنەتكە داغ چۈشۈرگەنلىك،
قارشى تەرەپنى جەڭ بىلەن بويسۇندۇرۇپ بويۇن ئەگدۈرگەن-
دىلا، ئىززەت - ھۆرمىتىمىز ئاشىدۇ، دەپ جەڭنى ئۈزلۈك-

سىز داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ قول ئاستى-
دىكىلەرمۇ پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، ھەرقانداق ئەمر -
پەرمانلىرىغا شەرتسىز بويسۇنۇپ، بەجانىدىللىق بىلەن بىر ئۆمۈر
خىزمەت قىلغاچقا، پادىشاھنىڭ ئەقىدىسى ئۇلارنىڭ قان - قې-
نىغا سىڭىپ كېتىپتۇ. شۇڭا، ھەر ئىككى پادىشاھلىقتىكى ئاد-
دىي پۇقرالاردىن باشقا پادىشاھقا خىزمەت قىلغۇچىلارنىڭ پۈ-
تۈن خىيالى جەڭ ئارقىلىق ئۆز رەقىبىنى قىرىپ، بويسۇن
ئەگدۈرۈپ، شۆھرەت قازىنىپ پادىشاھتىن ئىنئام ئېلىش ئى-
كەن. ئۇلار شۇ تەمەلەر بىلەن بەند بولۇپ ياشىغاچقا، كېچى-
لىرى چۈشىدىمۇ تۈگىمەس ۋەھىمىلىك ئۇرۇشلارنى قىلىپ
كېتىدىكەن، ھەتتا بەزىلىرى ئۆز رەقىبى ئۈستىدىن غەلىبە
قىلىپ، خۇشاللىقىدىن چۇقان سېلىپ ئويغىنىپ كېتىدىكەن،
ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ تۆشەك ئىچىدە ياتقانلىقىنى بىلىپ، ئويغى-
نىپ كەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىشىدىكەن - دە، يەنە تۆشەك
ئىچىگە كىرىپ ياخشى چۈشنىڭ لەززەتلىك خىيالىنى سۈ-
رۈپ، ياخشى چۈش كۆرۈشنى تىلەش بىلەن بىرگە ئۆز رەقىب-
لىرىگە ئۆلۈم تىلىشىدىكەن. لېكىن، تىلەكلىرى ۋۇجۇدقا
چىقماي بىر ئۆمۈر ۋەھىمە ئىچىدە ياشىغاچقا، بەزىبىرلىرى
بىر تېرە، بىر ئۈستىخان بولۇپ، رەقىبلىرىدىن ئىلگىرى
جەھەننەمگە سەپەر قىلغانلىرىمۇ بار ئىكەن...
كۈنلەر شۇنداق ۋەھىمە، تىلەك، قارغاش، زارلىنىش ئى-
چىدە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ، پادىشاھلارنىڭ ئۆمۈر
مەنزىلى توشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ قىران چاغلىرى ئۇرۇش - تالاش
بىلەن ئۆتۈپ، بەللىرى يادەك ئېگىلىپ، قۇندۇزدەك چاچ -
ساقاللىرى ئۈچتەك ئاقىرىپتۇ؛ قارچىغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر
كۆزلىرى خىرەلىشىپ، كۆز ئالدى تۇمان قاپلىغاندەك كۆرۈ-
نىدىغان ھالەتكە يېتىپتۇ؛ پۇت - قوللىرى سىرقىراپ، بېشى

ئايلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇ ھالەت ئۇزۇن داۋام قىلماي، ھايات شامى ئارمان بىلەن ئۆچۈپ، غەرب دىيارىنىڭ پادىشاھى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان كۈنى، شەرق دىيارىنىڭ پادىشاھى ئۆز ئۆمرىدە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئەسلەپ ئولتۇرغانىكەن، تاشقىرىدىن ئوڭ قول ۋەزىرى:

— پادىشاھىئالەم، سۆيۈنچە، سۆيۈنچە، — دەپ يۈگۈرۈپ كىرىپ پادىشاھنىڭ خىيالىنى بۇزۇپتۇ. پادىشاھ خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، ئالدىدا ئېگىلىپ سالام بېرىپ تۇرغان ئوڭ قول ۋەزىرىنى كۆرۈپ:

— نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شەۋكەتلىك شاھىم، سۆيۈنچە ! — دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر يەنە.

— سۆيۈنچە تەلەپ قىلغۇدەك نېمە خۇش خەۋەر ئېلىپ



كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. ئوڭ قول ۋەزىر:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلىنىڭ ئۆمۈرلۈك رەقىبلىرى بۇ ئالەمنى سىلىگە تاشلاپ بېرىپ، ئۇ ئالەمگە پادىشاھ بولۇش ئۈچۈن سەپەر قىپتۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىنىڭ ئورنىغا غەم ـ قايغۇغا پېتىپ، بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. پادىشاھ، بۇ ئالەم بىزگە باقىي ئەمەسكەن، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش پادىشاھ ئىدى، شۇنىڭغا قارىماي ئەجەل ئۇنى يۇتتى، بىر كۈنى مېنىمۇ ئۆز قوينىغا ئالىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق بىز نېمە ئۈچۈن بىر ـ بىرىمىز بىلەن جەڭگى ـ جېدەل قىلىپ، بىر ـ بىرىمىزنى داغدا قويىمىز، دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، ۋەزىر:

— شاھ ئالىيلىرى، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز مەقسىتىمىزگە يەتمەمدۇق، بىز بۇ پۇرسەتنى بىر ئۆمۈر كۈتكەن ئەمەسمۇ؟ — دەپ پادىشاھنىڭ خىيالىنى بۆلۈپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىغا ئاساسەن ۋەزىرگە غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ:

— ئەگەر شۇ كۈلپەت ئاۋۋال مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەن بولسا، سەن قانداق قىلاتتىڭ؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ. ۋەزىر بۇ سوئالغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي:

— مەن، مەن ... — دەپ دۇدۇقلاپ قاپتۇ. پادىشاھ ۋەزىر بىلەن مۇنازىرىلىشىشتىن كۆرە، ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشنى ئەۋزەل بىلىپ:

— كۆزۈمدىن يوقال، ئەمدى بولسىمۇ، خاتىرجەم ياشاي، — دەپ ۋەزىرنى ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. ۋەزىر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ، شۇ ئۆلۈم ماڭىمۇ بار، ئۆلسەم، بۇ دۇنيا قالىدۇ، ياتىدىغان يېرىم ئاشۇ گۆر، ھەتتا يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گۆرۈمگىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلالماي، سۆڭەكلىرىم سېسىپ تۇپىغا ئايلانسا، كوزىچىنىڭ قولىدا كوزىغا ئايلىنىپ

خۇمداندا كۆيمەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ جەڭگى - جېدەلنى نېمە ئۇچۇن قىلىمەن؟... دېگەنلەرنى خىيال ئېكرانىدىن ئۆت-كۈزۈۋاتقاندا، پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرىگە باش سەركەردىلىك قىلىۋاتقان ئوغلى كىرىپ:

— شاھ ئاتا، ئۆمۈرلۈك رەقىبلىرى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئەمدى سىلىنىڭ كۈلىدىغان چاغلىرى كەلدى. مېنىڭ لەشكەر تارتىپ جەڭ باشلىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا، — دەپ پادىشاھنىڭ خىيالىنى بۇزۇپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭمۇ جەڭگى - جېدەل ئۈچۈن ئىجازەت سوراپ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ياق، ئوغلۇم، ياق، مەن ئىجازەت بېرەلمەيمەن، — دەپ ھوشىدىن كېتىپ قاپتۇ. شاھزادە ئاتىسىنىڭ ھەلەكچىلىكى بى-لەن بولۇپ، جەڭ ھەققىدىكى گەپلەرنىمۇ ئۇنتۇپتۇ. بىر چاغدا پادىشاھ ھوشىغا كېلىپ، ئوغلىنى ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئوغلۇم، مەن بىر ئۆمۈر جەڭگى - جېدەل بىلەن يا-شىدىم، بۇنىڭ ماڭا نېمە خوۋلۇقى بولدى؟ ئەمدى سەن مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ چىقىپسەن. بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە ئۆتكۈزگەن ئەڭ چوڭ سەۋەنلىكىم. مەن بۇ سەۋەنلىكىمنى يۇيۇش ئۈچۈن يە-نە بىر ئەر ئۆمرى ياشاپ، ئوتتا تىرىك كۆيسەممۇ، ئەرزىمەيمەن. سەن ئېيتقاندەك، مېنىڭ رەقىبىم ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى، مې-نىڭمۇ كۈنۈم ئاز قالدى. ئەگەر مەن مۇشۇ كۈندە كۆز يۇمۇپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان بولسام، بىز كىشىلەرنىڭ بېشىغا سالماقچى بولغان كۈلپەت سېنىڭ بېشىڭغا چۈشكەن بولسا، سەن قانداق قىلار ئىدىڭ؟ — دەپ ئوغلىغا قاراپتۇ. شاھزادە دادىسىنىڭ سۆزىدىن قاتتىق خورسىنىپ، ئاچچىق ئاھ ئۇرۇپ:

— بۇ مۇمكىنمۇ؟ ! — دەپتۇ، لېكىن خىيالغا پېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ قىلغان خى-ياللىرىنى، ئۆمۈر سەپىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىردا:

— ئوغلۇم، سەن مېنىڭ ھايات شامىمنى ياندۇرۇپ، جەگگى - جېدەلنى تىنچىتىپ، ئەلنى خاتىرجەم قىلىپ، مې-نىڭ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىمنى يۇغىن، بولمىسا، ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ، گۆرۈمدىمۇ تىنچ ياتالمايمەن، — دەپ ۋە-سىيەت قىپتۇ. شاھزادە ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن جەگگى - جېدەل يولىدىن قەدىمىنى تارتىپتۇ.

پادىشاھ ئۆز ئادەملىرىنىڭ، ئوغلىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق رەھىمسىز، قارا نىيەت، ئاچ كۆز بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى-نى ئويلاپ، بۇنى ئۆزىنىڭ رەھىمسىز، قارا نىيەت، ئاچ كۆزلۈكى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى چۈشىنىپ، قاتتىق نادامەت چې-كىپتۇ. پادىشاھنىڭ ھاياتىغا شۇ ھەسرەت - نادامەت ۋاقىتسىز چاڭگال سېپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ شۇ ھەسرەت - نادامەتتىن قۇتۇلالماي، پۇشايمان ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ بۇ ئالەمدىن با-قىي ئالەمگە كۆچۈپتۇ. ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى شاھزادىگە ئېغىر كېلىپ ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويۇپتۇ، ئۇ ئەس - ھوشىنى يو-قىتىپ ئەقلىدىن ئاداشقىلى تاسلا قاپتۇ. شاھزادە ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ بىر يىلدىن كېيىن تەستە ئېسىگە كېلىپ، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنىڭ تېگىگە يې-تىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەگگى - جېدەلنى توختىتىپ، ئاتا ۋەسىيىتى بويىچە ئەلنى تىنچىتىپ، يۇرت - مەھەللىنى خاتىر-جەم قىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن يۇرت گۈللىنىپ، ئەل باياشاتلىققا قە-دەم قويۇپ، يېڭى پادىشاھتىن مەمنۇن بوپتۇ. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن يۇرت ئۆلىمالىرى ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، بولغان ئىشلاردىن، بولۇۋاتقان ئىشلاردىن يەكۈن چىقىرىپ: «پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە، دېگەن شۇ - دە» دېيىشىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ سۆز ئەل ئىچىگە كەڭ تارقىلىپتۇ.

# نىيىتى يامان ئەجەلدىن بۇرۇن ئۆلەر

قەدىمكى زاماندا يىراق يۇرتلارنىڭ بىرىدە ئۈچ دوست بولغانىكەن. ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ھەر كۈنى كۈن چىققاندىن تارتىپ كۈن پاتقۇچە مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى بىر شەھەرنىڭ قارىسىنى ئاپتۇ. ماڭا - ماڭا شەھەر سىرتىدىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئارام ئاپتۇ، بۇلاقنىڭ سۈپسۈزۈك ئارامبەخش سۈيىدە يۈز - قوللىرىنى يۇيۇشۇپ، قانغۇچە ئىچىشىپ، يايرىشىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلار تەڭلا بۇلاق ئىچىدىن يوغان بىر ئالتۇن ساقا تېپىۋاپتۇ، ئالتۇن ساقىنى ئۈچى تەڭلا ئاپتۇ، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قاپتۇ. ئۇلار بۇ قېتىمقى سەپىرىنى «قۇتلۇق سەپەر بولدى»، «ئامەتلىك سەپەر بولدى» دېيىشىپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئۆزلىرىگە بەخت ئاتا قىلغان مۇشۇ بۇلاق تۈۋىدە ئۇزۇنراق ئارام ئېلىپ، ئاندىن شەھەرگە كىرىپ تاماشا قىلماقچى بولۇشۇپتۇ.

بۇ ئۈچ دوستنىڭ ئالتۇنغا قارىغانسېرى كۆزلىرى قىزىرىپتۇ. ھەر ئۈچىلىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، ھەرقايسىسى ئالتۇن ساقىغا ئۆزى ئىگە بولۇۋالماقچى بوپتۇ، ئەمما بۇ نىيەتلىرىنى بىر - بىرىدىن يوشۇرۇپتۇ. ئۇلار شەھەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى قورساقلىرىنى راسا تويغۇزۇۋالماقچى بولۇشۇپتۇ. ئارىدىن بىرى بازارغا بېرىپ سامسا، گۆشگىردە

ئەكەلمەكچى بوپتۇ - دە، بازارغا مېڭىپتۇ.

ئۇ كېتىشى بىلەن قالغان ئىككىسى ئۇ كەلگەندە، ئۇنى ئۇ-رۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئالتۇن ساقىنى بۆلۈشۈۋالماقچى بولۇپ مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. ئەمما، سامسا ئەكېلىشكە كەتكىنىمۇ ئىد-يىتىنى بۇزۇپ، بۇلاق تۈۋىدە قالغان ئىككى دوستىنى بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ ئالتۇن ساقىغا ئۆزى يالغۇزلا ئىگە بولماقچى بوپتۇ. شۇ خىيال بىلەن بىر دۇكاندىن ئوغا سېتىۋاپتۇ. سامسى-پەزگە ئايرىم سامسا تۈگدۈرۈپتۇ. دورا - دەرمەك دېگەن باھانە بىلەن سامسىنىڭ قىيمىسىغا ئوغىنى سېپىپتۇ. سامسىپەز سامسىلارنى ئايرىم تۈگۈپ، پىشۇرۇپ، ھېلىقى نىيىتى بۇزۇقنى يولغا ساپتۇ. ئۇ سامسىنى كۆتۈرگىنىچە بۇلاق تۈۋىگە كەپتۇ. ھېلىقى ئىككىسى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆل-تۈرۈۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۇلار سامسىغا تۇتۇش قىپتۇ. سامسىنى راسا مەززە قىلىپ يېيىشىپ، بۇلاق سۈيىدىن ئىچىپتۇ. بۇلاق بويىدا يانپاشلاپ يېتىپ ئارام ئېلىۋېتىپ، ئوغىنىڭ تەسىرىدە شۇ يەردىلا جانلىرىدىن ئايرىلىپتۇ. ئالتۇن ساقىمۇ بۇلاق ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئۈچ دوست نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن ئەجەل-لىدىن بۇرۇن ئۆلۈپتۇ.

«نىيىتى يامان ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلەر» دېگەن گەپ شۇ-نىڭدىن قالغانىكەن.

# تۇغقانلىق رىشتى

بۇرۇنقى زاماندا يېڭىسۇدا كاتتا بىر باي ياشىغانىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئېتى موچۇنباي، كى-چىكىنىڭ ئېتى قاغىباي ئىكەن. ئۇنىڭ ئەجەل ۋاقتى - سا-ئىتى تولۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى تىرىشىپ - تىرمىشىپ توپلىغان مال - دۇنيالىرى ئىككى ئوغلىغا مىراس قاپتۇ. بۇ ئوغۇللار بىر مەزگىلگىچە ئاتىسىدىن قالغان مال - دۇنياغا تەڭ ۋارىسلىق قىلىپ ئۆتۈشۈپتۇ. كۈنلەر، ئايلار، يىللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كارۋان تۈگىسىدەك تىزىلىپ ئۆتكەنسېرى بۇ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ كاللىسىنى ئايرىم تىرىك-چىلىك قىلىپ باقمايمىزمۇ، بېيىپ قالارمىز يا كەمبەغەللى-شىپ خاراب بولارمىز، پېشانىمىزدىن كۆرمەيمىزمۇ، دېگەن خىياللار چۇلغىۋاپتۇ. بۇ خىيالنىڭ كەينىگە كىرگەن ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئۆز ئۆيلىرىنى بىر - بىرىگە چىرايلىقچە ئولتۇرۇپ ئېيتىشىپ، ئايرىلىپ تىرىكچىلىك قىلىش قارا-رىغا كەپتۇ. ئۇلار ئاتىسىدىن قالغان مال - دۇنيالارنى دەس-لىپىدە تالاشىسىز بۆلۈشۈپ، نۆۋەت قويغا كەلگەندە، ئىككى ئارىدا بىر تۇياق قوي ئېشىپ قاپتۇ. ئېشىپ قالغان بۇ بىر تۇ-ياق قوي ئاكا - ئۇكا بۇرادەرلەرنىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سە-ۋەب بوپتۇ. موچۇنباي ئۆز كۆڭلىدە چوغ تارتىپ:

— ئۇكام، مەن چوڭ بولغاندىكىن بۇ قوينى مەن ئالاي، — دەپتۇ. قاغىبايمۇ بوش كەلمەي:

— ئاكا، مەن ساڭا قارىغاندا ئاتا - ئانامنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى ئاز كۆردۈم، سەن قانائەت قىل، بۇ قوينى مەن ئالاي، — دەپتۇ.

ئىككىسى بىر قوينى ئەنە شۇنداق تالىشىپ، بىر - بىرىگە پەقەت يول قويماپتۇ. ئاخىر ئۇلار كېلىشەلمەي، قازىنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ بېرىپتۇ. قازى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىپتۇ:

— شەرىئەت ھۆكمىدە ئوغۇللار ئاتىدىن قالغان مال - دۇنياغا تەڭ ۋارىسلىق قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ قوينى سىلەرگە يا سېتىپ پۇلىنى، يا ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى تەڭ ئۆلەشتۈرۈپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن، سىلەر قازىخانىغا دەۋالىشىپ كەلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قوي دەۋا ھەققى ئۈچۈن قازىخانىدا قالىدۇ.



ئاكا ـ ئۇكا بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلاپ ئەلەم ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپتۇ. بۇنىڭغا نىمە ئامال؟ ئاخىر ئۇلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ: «ماڭىمۇ يوق، ساڭىمۇ يوق دېگەن مۇشۇ» دې-يىشىپ، قازىخانىدىن روھى چۈشكەن ھالدا قايتىپ چىقىشىپتۇ. بۇنىڭ بىلەنلا ئاكا ـ ئۇكا ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا تۈگەپ كەتمەپتۇ. ئۇلار غۇم ساقلىشىپ، ئەپ تاپسىلا، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدىن غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىدىغان، كىچىك ئىشلار ئۈچۈن سۈركىلىدىغان، ھەتتا «سەن ـ پەن» دېيىشىپ ئۇرۇشىدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ. ئەل ـ جامائەت ئوتتۇرىغا چۈشۈپ پەند ـ نەسىھەت، سالا ـ سۇلھى قىلسىمۇ، ياخشى بولۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇرۇش ـ ماجىرالار تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كېتىپتۇ. يۇرت ئىچىنى ئەنسىزلىك قاپلاشقا باشلاپتۇ. بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئىشى بارغانسېرى پېتىرلىشىپ، ئاخىردا ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قاينىمىغاندەك، بۇلارنىڭ بىر مەھەللىدە تۇرۇشىغا زادىلا ئىمكان قالماپتۇ. ئاخىر قاغىباي، مۇشۇ يۇرتتىن مەنلا چىقىپ كەتسەم، بولغۇ-دەك دەپ، ئانا يۇرتىنى تاشلاپ، بالا ـ چاقىلىرىنى باشلاپ، كۆزلىرىنى ياشلاپ، مال ـ ۋارانلىرىنى ھەيدەپ دۆڭقوتانغا كۆچۈپ كېتىپتۇ.

يىللار ئۆتۈۋېرىپتۇ. بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار بىر ـ بىرىنى ئىزدەشمەي، تۇرغان يەرلىرىدە ياشاۋېرىپتۇ، ئۇلار ھەتتا بىر ـ بىرىنى ئۇنتۇپ كېتەر ھالغا كېلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر-گە ئۇلارغا قېرىلىق يېتىپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى، باشلىرىنى قىرو قاپلاپ، بەللىرى مۈكچىيىشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى موچۈنباي ئاغرىپ قېلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئەل ـ جامائەت ئەھۋال سوراپ، يوقلاپ تۇرسىمۇ،

كۆڭلى بىرنەرسىنى ئىزدىگەندەك بولارمىش. ئۇنى ئويلاپتۇ، بۇنى ئويلاپتۇ، ئەمما كۆڭلى ئىزدىگەن نەرسىنى زادىلا تاپالماپتۇ. ئاخىر ئۇنتۇپ كەتكەن ئۆكسىنى — قاغىبايىنى يادىغا كەلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى يورۇقلۇققا چىقىپ، جان تالىشىۋاتقان بىلىق سۇغا ئېرىشىپ قايتىدىن جان تاپقاندەك يايراپ كېتىپتۇ، كۆڭلى - كۆكسىگە قاغىبايىنىڭ پىراقى ئوت بولۇپ تۇتىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ موچۇنباي، ئۇكام قاغىباي بىلەن كۆرۈشمىسەم، زادى بولمايدىكەن، دېگەن ئويغا كەپتۇ. لېكىن، بۇنىڭغا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يۇرت كاتتىلىرىنى ئۆيىگە چاقىرغۇزۇپتۇ، ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي يۇرت كاتتىلىرى، سىلەر بىلەن گاھىدا ياخشى دېيىشىپ، گاھىدا يامان دېيىشىپ مۇشۇ يۇرتتا بىرگە ياشاپ كەلدۇق. مېنىڭ هال - كۈنۈم مۇشۇ هالغا چۈشتى. سىلەردىن بىر ياردەم كۈتمەكچىمەن.

يۇرت كاتتىلىرى:

— موچۇنباي، بىزدىن كۈتىدىغان تەلىپىڭنى ئېيت، ئورۇندايلى، بولمىسا، بىزدە قىيامەتلىك قەرز بولۇپ قالمىسۇن، — دەپتۇ.

— بۇرادەرلىرىم، مېنى ئۇكام قاغىباي بىلەن بىر كۆرۈشتۈرۈپ قويساڭلار، ئۇكامنىڭ دىدارىنى بىر كۆرسەم، ئۆلسەم رازى ئىدىم هەم سىلەردىنمۇ ئۇ ئالەم - بۇ ئالەم رازى بولاتتىم، — دەپ موچۇنباي نۇرسىز كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ يۇرت كاتتىلىرى.

يۇرت كاتتىلىرى سەپەر هازىرلىقلىرىنى قىلىش ئۈچۈن موچۇنباي بىلەن خوشلىشىپ قايتىپتۇ. موچۇنباي مېهمانلار قايتقاندىن كېيىن ئۆز يېنىغا بىر موللىنى چاقىرغۇزۇپتۇ،

ئۇنىڭغا ئۇكىسى قاغىبايغا قىلغان ـ ئەتكىنىگە پۇشايمان يېگەنلىك مەزمۇنىدا بىر پارچە نامە پۇتكۈزۈپتۇ. نامىنى يۇرت كاتتىلىرى ئارقىلىق قاغىبايغا ئەۋەتىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە قاغىباي ئاكىسىدەك ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغىمۇ قېرىلىق يېتىپ، كۆزلىرىنىڭ نۇرى سۇسلىششقا باشلاپتۇ. ئۆزگە يۇرت دېگەن بەردىبىر ئۆزگە يۇرت ـ دە ! يېڭىسۇنى سېغىنىدىغان، ئاكىسىنى، يۇرت قوۋملىرىنى پات ـ پات ئويلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىركىمگە دەردىنى ئېيتىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشقا ئامالسىز ئىكەن. مانا شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا يۇرگەن چېغىدا ئاكىسى ئەۋەتكەن كىشىلەر يېتىپ كەپتۇ. قاغىباي ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ، قىزغىن مېھمان قىلىپ ياخشى كۈتۈپتۇ. كەلگۈچىلەر ئۆز مەقسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى موچۇنباي ئەۋەتكەن نامەنى قاغىبايغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. قاغىباي نامەنى كۆزىگە سۈرتۈپتۇ، خۇشاللىقتىن يۇرەكلىرى يېرىلىپ كېتەي دەپ قاپتۇ، موللا چاقىرغۇزۇپ نامەنى ئوقۇتۇپتۇ، موچۇنباينىڭ يۇرەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يۇم ـ يۇم يىغلاپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدىلا كەلگۈچىلەردىن بىرى سۆز ئېلىپ:

— قاغىباي، بولدى، كۆز يېشى قىلمىسىلا، ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات دەيلى. بىز سىلىنى ئەكەتكىلى كەلدۇق. بۇنىڭغا نېمە دەيلىكىن؟ — دەپتۇ.

— ئۇھ... نېمە دەيتتىم، — دەپتۇ قاغىباي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — ئاكام مېنى ئەكېتىش ئۈچۈن سىلەرنى ئەۋەتكەن بولسا، مەن باراي.

قاغىباينىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كەلگۈچىلەر خۇش بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يول تەييارلىقىنى قىلىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، نۇرغۇن جاپالارنى يېڭىپ ئاخىر

يېڭىسۇغا يېتىپ كەپتۇ، ئۇلارنى موچۇنباينىڭ بالىلىرى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ. قاغىباي ئاكىسى ياتقان ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇشىغا، ئۆي ئىچىدىن ھەسرەت - نادامەتلىك، نالە - پەريادلىق مۇنداق بىر گەپ ئاڭلىنىپتۇ:

ئاش تېپىلۇر، سۇ تېپىلۇر، تۇغقان تېپىلماس،
بىر تۇتام پاختا بىلەن بويۇڭ يېپىلماس.

بۇنى ئاكىسى موچۇنباينىڭ دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان قاغىباي ئۆي ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپتۇ، ئاكىسىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، يۈرىكى قىزدۇرۇلغان زىخ سانجىلغاندەك، ئېچىشىپ كېتىپتۇ، ئاكىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ «ئاكا» دەپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇشىغا، موچۇنباي نۇرسىز كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۇكىسىنى كۆرۈپ:

— ئۇكام... كەلدىڭ... مۇ! — دەپتۇ ئارانلا ۋە شۇئان ئۇنىڭ ئورۇق چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەندەك بوپتۇ - دە، بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئاكا - ئۇكىنىڭ دىدار كۆرۈشۈشى



شۇ يەرگىچە بوپتۇ. قاغىباي ئۆزىنى ئاكىسىنىڭ ئۇستىگە تاشلاپ پەرياد ئۇرۇپ يىغلاپتۇ، ئۇنىڭ يىغا - زارىدىن ئالەم تىترىگەندەك بوپتۇ. يۇرت - جامائەت سەۋر قىلىش توغرى-سىدا كۆپ نەسىھەت قىپتۇ، ئەمما قاغىبايىنىڭ يىغىسى بې-سىقماي، كۆز يېشى سەل بولۇپ ئېقىپتۇ. قاغىباي ھەرقانچە يىغلىغان بىلەن مېيىتنى ساقلىغىلى بولمىغاچقا، جامائەت مۇردىنى يۇيۇپ - تاراپ يەرلىككە قويغىلى مېڭىپتۇ. قاغىباي بېلىگە ئاق پوتا باغلاپ، ھاسا تايىنىپ، تاۋۇت ئالدىدا مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپ يىغلاپ مېڭىپتۇ:

تېپىلدى ئاش، تېپىلدى سۇ، تېپىلدى كەڭ يەر،
يار - بۇرادەر بولۇش ئۈچۈن تېپىلدى كۆپ ئەر.

لېكىن، كۆڭۈل ئۈچۈن ئۇلار بولسىمۇ ئەرمەك،
بولمايدىكەن ئۆز تۇغقاندەك تىرەنچۈك - يۆلەك.

تۇغقان دېگەن تۇغقان ئۈچۈن بەكمۇ ئەزىزكەن،
بىر - بىرىگە كۆيۈپ ئۆتسە ئۆمۈر لەزىزكەن.

ئۇرۇق - تۇغقان ئىناق ئۆتۈڭ، بىزدىن پەندىيات،
ئىناقلىقتا گۈللەيدىكەن ئوقەت ھەم ھايات.

قاغىبايىنىڭ ئوقۇغان بۇ بېيىتى موچۈنبايىنىڭ نامىزىغا قاتناشقان ھەممە كىشىگە قاتتىق تەسىر قىپتۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئىناق ئۆتۈشىگە ئىبرەت بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يېڭىسۇلۇقلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئىناق، كۆيۈمچان بولۇپ ياشايدىغان بولغانىكەن.

# تۇت تال بۇغداي

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتىمۇ باي بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بەكرى ئىسىملىك بىرلا ئوغلى بولغانىكەن. ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بەكرى ئاتىسىدىن قالغان تاغار - تاغار ئاشلىقلارنى بىر - ئىككى يىلدا بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتىپ، بەكمۇ غۇربەتچىلىكتە قاپتۇ، يەيدىغىنى تۈگەپ، ھەريان چېپىپ ھېچ ئامال قىلالماپتۇ، ئاخىر بىر تاغارنى قولتۇقىغا قىسىپ، بىرەرىدىن بۇغداي سوراش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ.

بەكرى خېلى ئۇزاق يول يۈرۈپ بىر يەرگە بارغاندا، ئۆگزىدە بۇغداي سورۇۋاتقان بىر دېھقاننى يولۇقتۇرۇپتۇ. قارىسا، ھېلىقى دېھقان شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن تۆت تال بۇغداينى ئېرىنمەي ئۆگزىدىن چۈشۈپ تېرىپ ئالىقىنىغا ئېلىپ، يەنە ئۆگزىگە چىقىپ كېتىپ بارغۇدەك. بۇنى كۆرگەن بەكرى، بۇ بىر كېپىنى تىزىدىن ئاشمىغان بىچارە ئوخشايدۇ، بۇنىڭدىن ئاش سورىغۇچە يولۇمغا ماڭاي، دەپ ئويلاپتۇ. بەكرىنىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دېھقان:

— ھەي ئوغلۇم، ساڭا نېمە بولدى؟ سالام - سەھىتىڭمۇ يوق ئۆتۈپ كېتىۋاتىسەنغۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بەكرى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ھەم ھازىر دېھقاننىڭ ئىشىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ

بېرىپ، ئۆزىنىڭ كۆپ گەپ قىلماي يولغا راۋان بولغانلىقى-
نىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

— ھە، «ئۇنچە - مارجان تاش ئىكەن، ئارپا - بۇغداي
ئاش ئىكەن» دېگەننى ئاڭلىماپمىدىڭ؟ — دەپ گەپ باشلاپتۇ
دېھقان، — مەنمۇ كاتتا سودىگەرنىڭ بالىسى ئىدىم. بىر قې-
تىم يىراق ئەللەرگە مال ئېلىپ بېرىپ، كېمىگە چۈشۈشكە
توغرا كەلدى. دېڭىزدا قاتتىق بوران چىقىپ يولدىن ئېزىپ
ئادەمزاتسىز بىر ئارالغا چىقىپ قالدۇق، شۇ چاغدا كېمىدىكى
ھەممە مال - دۇنيالار بىز ئۈچۈن يوق بولۇپ، كېمىنىڭ بۇ-
لۇڭىدا تاشلىنىپ قالغان بىر قاپ بۇغداي جېنىمىزنى ساقلاپ
قالغانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ بىر تال دان كۆرسەممۇ، ئېرىن-
مەي ئېگىلىپ ئېلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇ. بېشىڭغا كۈن چۈش-
كەن بولسا، ئەكەل تاغىرىڭنى، — دېھقان شۇنداق دەپ، بەگ-
ىنىڭ تاغىرىغا كۆتۈرەلىگۈچىلىك بۇغداي قاچىلاپ بېرىپتۇ.

دېھقانىنىڭ سۆزلىرى بەگنىڭ قاتتىق ئويغا سالىپتۇ. ئۇ
ھېلىقى بۇغداينىڭ يېرىمىنى ئۇزۇق قىلىپ، يېرىمىنى شۇ
يىلى تېرىپتۇ. كۈزدە بىر تال دانىمۇ زايە قىلماي يىغىۋاپ-
تۇ. شۇنداق قىلىپ، يىلدىن - يىلغا ئاشلىقى كۆپىيىپتۇ،
بالا - چاقىلىق بولۇپ، كۈنلىرى بەختلىك ئۆتۈپتۇ.

«بەگرى، قانداق قىلىپ بېيىپ كەتتىڭ؟» دەپ سورىد-
غانلارغا، ئۇ: «ئاشنى خارلىغاننىڭ ھالىغا ۋاي، ئاشنى قەدىر-
لىگەن بولۇر باي» دەپ جاۋاب بېرىدىغان بوپتۇ.

# ئۈچ شەرت

مەلۇم بىر شەھەردە ناھايىتى دانا، زېرەك، ئەقىللىق بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى بىر ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئى ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، بىر پىيالە چاي تەييارلىغۇدەك ئۆيۈمگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، بىردەم ئولتۇرۇپ بەرگەن بولسىلا، — دەپ تەكلىپ قىپتۇ. بۇ ۋەزىر بىرئاز كالتە پەم، ئەقىلسىز ئىكەن، شۇڭا پادىشاھ ئۆزرە ئېيتىپ تەكلىپنى رەت قىپتۇ، ئەمما ۋەزىر گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ:

— بۈگۈن كۆڭلۈم سىلىنى تارتىپ قالدى، بېرىپ بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە، — دەپتۇ. پادىشاھ ئاخىر يۈز كېلەلمەي:

— ئۇنداق بولسا، ساڭا ئۈچ شەرت قويىمەن، شۇ ئۈچ شەرتىمدىن بىرەرىنى ئورۇندالماي قالمىسۇن، — دەپتۇ.

— باش ئۈستىگە، پادىشاھىم، سىلىنىڭ شەرتلىرىنى يۈزدەيۈز ئورۇندايمەن، قېنى ئېيتسىلا، — دەپتۇ ۋەزىر.

— بىرىنچى شەرتىم شۇكى، مەن ئۆيۈڭگە بارغاندىن كېيىن ئۆزۈڭگە دوست، مېھمانغا دۈشمەن نەرسىنى قېشىمغا ئاچىقمايسەن؛ ئىككىنچى، ئالدىمغا تائام قويىسەن، زەھەر قويمايسەن؛ ئۈچىنچى، دۇئادىن كېيىن مېنى يولغا سالىسەن،

زىندانغا سالمايسەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ «زەھەر قويمايسەن»، «زىندانغا سالمايسەن» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ كەتكىنىدىن پۇت - قولىدا جانمۇ قالماپتۇ. لېكىن، ئۆزىدە ئۇنداق غەرەز بولمىغاچقا، پادىشاھنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمەي، پادىشاھنىڭ رازى بولغانلىقىغا خۇشال بولۇپ كېتىپ ئۆزىنىڭ قورقۇنچىسىنى بېسىپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— پېقىرنىڭ ئۇنداق قىلىشقا بېشى ئونمۇ، پادىشاھىم؟ ھەممىسى سىلى دېگەندەك بولىدۇ.

پادىشاھ ۋەزىر بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ، ئۆيگە كىرىپ تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ۋەزىر يەنە بىر ئۆيگە چىقىپ كېتىپ ھايال قىلماي بىر بالىنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. بۇ ئەمدىلا ئۆمىلىگەن بالا ئىكەن. بالىنى ئەكېلىپ پادىشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. پادىشاھ بەك خاپا بوپتۇ ۋە ئىچىدە، مەن دېگەن بىرىنچى شەرتنى ھازىرلا بۇزدىغۇ بۇ، دەپ ئولتۇرسا، بالا ئۆمىلەپ كېلىپ توپا - چاڭ، لاي قوللىرى بىلەن پادىشاھقا ئېسىلىپتۇ. پادىشاھ بالىنى ئاستا ئىتتىرىپ، ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. بالا بىردەمدىن كېيىن يەنە ئۆمىلەپ كېلىپ پادىشاھقا ئېسىلىپتۇ. پادىشاھ بەك بىزار بوپتۇ. بۇ ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. ۋەزىر بۇ ئىشلارنى قىلچە سەزمەپتۇ، بالىسىغا ھاي دېمەپتۇ. پادىشاھ چىشىنى چىشلەپ، ئۈن - تىن چىقارماي ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىر قولغا سۇ ئېلىپ، داستىخان ساپتۇ، تائام كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ خوش - خوشنى قايرىپ قويۇپ، زوقى بىلەن قورسىقى تويغۇچە يەپتۇ، ئاندىن داستىخاندىن يىراقلىشىپ ئولتۇرسا، ۋەزىر:

— ئالسىلا، پادىشاھئالەم، ئالسىلا، كىچىككىنە يېسىلە،

مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن بولسىمۇ، ئالسىلا، — دەپ قىستاۋې-
رىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ دۆتلۈكىدىن خاپا بولسىمۇ، لېكىن
بىرنەرسە دېمەي، داستىخانغا قايتا قولمۇ ئۇزاتماي ئولتۇرىۋې-
رىپتۇ. دۇئادىن كېيىن داستىخان يىغىلىپتۇ. پادىشاھ ئەمدى
كېتەي دەپ ئورنىدىن تۇرسا، ۋەزىر:

— بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە، پادىشاھىم، مېنىڭ كۆڭ-
لۈم ئۈچۈن بولسىمۇ، بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە، — دەپ



قاتتىق تۇتۇپتۇ. پادىشاھ ئاخىر ئۆزىنى تۇتالماي:

— ھەي ئەخمەق ! نېمانچە دۆت نېمىسەن؟ ! مەن ئوردىدىن مېڭىشتا ئۈچ شەرت قويۇۋىدىم، سەن شۇ ئۈچ شەرتنىڭ بىرەرىنى بولسىمۇ ئورۇندىساڭچۇ ! سەن بۇ شەرتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بۇزدۇڭ. قانداق ئادەمسەن؟ كاللاڭ بارمۇ سېنىڭ؟ ! — دەپتۇ. ۋەزىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ غەزەپلىك چىرايىنى كۆرۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە:

— ۋاي، مەن نېمە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، پادىشاھىم؟ — دەپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ پادىشاھ، — «ئۆزۈڭگە دوست، مېھمانغا دۈشمەن نەرسىنى قېشىمغا ئاچىقمايسەن» دېسەم، ئۆيگە كىرىشىمگە بالاڭنى يېنىمغا ئاچىقتىڭ. بالاڭ ماڭا ئېسىلىپ كىيىملىرىمنى توپا - چاڭغا مىلەپ پاسكىنا قىلىۋەتتى. بالا ئۆزۈڭگە دوست بولغان بىلەن مېھمانغا دۈشمەن نەرسە. «تائام قويىسەن، زەھەر قويمايسەن» دېسەم، بۇنىمۇ ئەجرا قىلمىدىڭ. توغرا، سەن ئاش - تائام قويدۇڭ، مەن ئالسىلا، باقسىلا دېگۈزمەي، ئۆز زوقۇمچە، قورسىقىم تويغۇچە يېدىم، قورساق تويغاندىن كېيىنكى تائام ئادەمگە زەھەر ئەمەسمۇ؟ ! «دۇئادىن كېيىن يولغا سالىسەن، زىندانغا سالمايسەن» دېسەم، «ماقۇل، ئۇنداقمۇ قىلامدىغان» دېدىڭ. مەن، دۇئادىن كېيىن «كېتەي» دېسەم، يەنە «ئولتۇرۇپ بەرسىلە، ئولتۇرۇپ بەرسىلە» دەيسەن، بۇ سېنىڭ مېھماننى زىندانغا سالغانلىقىڭ ئەمەسمۇ؟ ! قائىدە بويىچە مېنى چىرايلىق يولغا سالساڭ، بولمامدۇ؟ — دەپتۇ. ۋەزىر ئاغزى ئېچىلغىنىچە پادىشاھقا قاراپ تۇرۇپلا قاپتۇ. پادىشاھ ئارقىسىغىمۇ قارىماي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆزىنىڭ كالۋالىقىغا قاتتىق نەپرەتلەنگەن ۋەزىر جايىدىلا ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

# تاش قازى

قەدىمكى زاماندا ئەجەم دىيارىدىكى خەلق پادىشاھلارنىڭ ئادالەتسىز پەرمانلىرىدىن، قازىلارنىڭ ناھەق سوراقلىرىدىن جاق تويۇپ، ئاللادىن ئادىل قازى تەلەپ قىپتۇ، ئاللا يولىدا نۇرغۇن سەدىقە بېرىپتۇ. بۇ ئىش ئاللانى تەسىرلەندۇرگەنلىك-تىن، ئاللا بۇ دىيارغا خىسلەتدار ناملىق بىر ھەيۋەتلىك تاغ بىنا قىپتۇكى، بۇ تاغنىڭ ھەيۋىتىدىن پۈتۈن دۇنيا زىلزىلىگە كەپتۇ. خەلق ئىچىدە ھەرقانداق دەۋا بولسا، ئىلاھ تاغقا كې-لىپ ئەرز قىلسا، ناھەق ئىش قىلغۇچىنى تاغ دەرھال يۇتۇپ كېتىدىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن خەلق خاتىرجەم بولۇپ، بۇ تاغقا «تاش قازى» دەپ نام بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يۇرتنى ئادالەت قاپلاپ، يۇرتتىكى ئوغرى ـ خىيانەتچىلەر تۈگەپتۇ. پادى-شاھلارمۇ مۇشكۇل دەۋا ـ سوراقلارنى «تاش قازى» سورايدۇ، دەپ تاغقا بۇيرۇپتۇ. خەلق خۇشال بولۇپ، ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇپ، ئېتىقادلىرىنى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيتىپ، مۇشۇ ئادالەتلىك كۈنلەرنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىشىنى تىلەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاغقا ئۇن چاقىرىم يىراق بىر يېزىدا ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ:

بىر يېزىدا بىر ئىمام بولۇپ، ئۇ بەكمۇ تەقۋادار كىشى

ئىكەن، بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىشتىن ئىبادەتنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئىمامنىڭ بىر خوتۇنى بولۇپ، تولىمۇ ساھىبجامال ئىكەن. ئىمام يامان كۆزلەردىن قورقۇپ خوتۇنىنى تولىمۇ پىنھان ساقلايدىكەنكى، مەسچىتكە چىقىپ كەتسىمۇ خوتۇنىنى ئۆيگە سولاپ، ئىشىكلەرنى قۇلۇپلاپ، بوسۇغا ئالدىنى سۈپۈرۈپ قويىدىكەن. ئايال ئۆز دېمەتلىكلىرىنىڭ توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلارغا كېتىپ بارغىنىنى كۆرۈپ قورسىقى كۆپۈپ، كۈنلەرنى غەمكىن ئۆتكۈزىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىمامنىڭ مەھەللىسىگە بىر زەڭگى كۆچۈپ كېلىپ، ئىمام بىلەن تام قوشنا بوپتۇ. زەڭگى ئاخشاملىرى ئۆزىگە ئوخشاش نەشىخور دوستلىرىنى يىغىپ، مەي ئىچىپ، ساز چېلىپ، ئۇزاقىچە نەغمە - ناۋا قىلىشىدىكەن. بۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن جاق تويغان ئىمام ئۇلارنى تىنىماي قارغايدىكەن، لېكىن خوتۇنى ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋېلىپ، تۈگىمەس شېرىن خىياللارنى سۈرىدىكەن، بارا - بارا ئىشقى ئۆرلەپ، ئىمام يوق چاغلاردا تامدىن بېشىنى چىقىرىپ تىڭشايدىغان بوپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. زەڭگى بىلەن ئىمامنىڭ خوتۇنى تېپىشىپ، ۋىسال پەيزىنىمۇ سۈرۈشۈپتۇ. ئانچە ئۇزۇنغا بارماي ئىمامنىڭ پاك كۆڭلىگە شەك چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئىمام شۇنىڭدىن كېيىن خوتۇنىنى سوراق قىپتۇ، لېكىن خوتۇنى ئىقرار قىلماپتۇ. ئاخىر ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ «تاش قازى»نىڭ قېشىغا دەۋاغا بېرىشقا كېلىشىپتۇ. ئىمام سۈبھى بىلەن تەڭ بامدات نامىزىغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئىمامنىڭ خوتۇنى ھويلا تامدىن ئارتىلىپ، زەڭگىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ: «بىز ئەتە خىسلەتدار تاغ ئالدىغا دەۋاغا بارماقچى، شۇڭا سەن ئېشىكىڭنى ئېلىپ بېرىپ تەڭ يولدا ئوتۇن كولاپ تۇرغىن، ناۋادا ئىمام

چاقىرىپ قالسا، مېنى بىلىمدىن تۇتۇپ ئىشەككە مىندۈر-
گىن، باشقا ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلايمەن» دەپتۇ.

ئىمام نامازنى چالا ـ بۇلا ئادا قىلىپ، ئۆيگە كىرىپ خوتۇ-
نىنى تاھارەت ئالدۇرۇپ تاغقا راۋان بوپتۇ.

ئۇلار يول يۈرۈپ بىر جايغا بارغاندا زەڭگىنىڭ قارىسى
كۆرۈنۈپتۇ. ئىمامنىڭ خوتۇنى ئۆزىنى تاشلاپ: «ھېرىپ قال-
دىم، پۇتۇم ئاغرىپ كەتتى، ماڭا بىر ئىشەك تېپىپ بەرمىسى-
لە، بارالمىغۇدەكمەن» دەپ يىغلاپتۇ. ئىمام قارىسا، خېلى
يىراقتا بىر ئىشەك تۇرغۇدەك. ئىمام خوتۇننى يۆلەپ ئاران
تەستە ئىشەكنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ، زەڭگىگە يالۋۇرۇشقا
باشلاپتۇ. زەڭگى:

— ئۆزلىرى دېگەن بىر كاتتا زات تۇرسىلا، جان دەپ ئا-
پىرىپ قويىمەن، — دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىمامنىڭ
خوتۇننىڭ بىلىدىن تۇتۇپ ئىشەككە مىندۈرۈپ، تاغقا قاراپ



يېتىلەپ مېڭىپتۇ.

تاغ ئالدىغا كەلگەندە، ئىمام خوتۇنىغا:

— سەن مەن ئىمامىنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەندىن بېرى غەيرىنىڭ بەدىنى مېنىڭ بەدىنىمگە تەگمىدى، ئەگەر تەگكەن بولسا، تاغ مېنى يۇتسۇن، دەپ قەسەم قىلغىن، — دەپتۇ.

ئىمامنىڭ خوتۇنى:

— ئىمام، بۇ قانداق گەپ؟ باياتىن كۆزلىرى كۆردى، ماۋۇ ئېشەكچى مېنى كۆتۈرۈپ ئېشەككە مىندۈرگەندە قولى بەدىنىمگە تەگدى. ئەگەر مەن سىلى دېگەندەك قەسەم قىلسام، مېنى تاغ يۇتۇپ كەتسە، مەيلىمۇ؟ — دەپتۇ. ئىمام:

— ئۇنداق بولسا، مۇشۇ ئېشەكچىنىڭكىدىن باشقا ئادەمنىڭ بەدىنى تەگكەن بولسا، مېنى تاغ يۇتسۇن، دەپ قەسەم قىل، — دەپتۇ.

ئىمامنىڭ خوتۇنى شۇنداق دەپ قەسەم قىپتۇ.

خىسلەتدار تاغ «تاش قازى» بۇ ناھەقچىلىكلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە سالغۇدەك بىر گۈلدۈرلەپتۇ - دە، يەر يۈزىدىن غايىب بوپتۇ.

ئىمام، مەن بىگۇناھ خوتۇنىنى دەۋاغا ئەكەلگەن ئوخشايمەن، شۇڭا تەڭرىنىڭ غەزىپى تۇتۇپ « تاش قازى » يوقالدى، دەپ ئويلاپ، تىزلىنىپ خوتۇنىدىن ئەپۇ سوراپتۇ.

# ئالتۇن قول

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ ئەقىللىق، بىلىملىك، گۈزەل بىر قىزى بولغانىكەن. بۇ قىز بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. بىراق، قىزدىن ھېچقانداق سادا چىقمىغاندىن كېيىن، پادىشاھمۇ قىزىنىڭ رايىغا بېقىپ ئەلچىلەرگە بىرەر ئېنىق جاۋاب بېرەلمەپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئەلچىلەر كېلىۋېرىپتۇ. پادىشاھ خىجىللىقتا چىدىماي، قىزىنى چاقىرىپ:

— بالام، بېشىڭغا بەخت قۇشى قونۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ بولسا، ئائىلىمىزنىڭ بەخت ـ تەلىيى. ئەلچىلەرنى قۇرۇق قايتۇرۇۋېتىشكە يۈزىمىز قانداق چىدايدۇ؟ كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى شاھزادىلەرنىڭ ئەلچىلىرى ئىكەن. مەن ساڭىلا قاراشلىق تۇرۇۋاتىمەن، ئېنىق گەپ ـ سۆزۈڭنى قىلساڭ، بىز ئەلچىلەرنى قۇرۇق قايتۇرمايلى، — دەپتۇ. قىز:

— بولىدۇ ئاتا، لەۋزىڭىزنى ئالاي. مەيلى باي بولسۇن، مەيلى گاداي بولسۇن، مەن ئۇچۇن بەرىبىر. كىم ماڭا ئۆزىنىڭ بايلىقى بىلەن گادايلىقىنى ھەم «ئالتۇن قول»لۇق يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەلىسە، شۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشقا رازى بولىۋېرىمەن. كىمنىڭ «ئالتۇن قول» ئىكەنلىكىنى نەق مەيداندا ئۆزۈم تاللايمەن، چىراي ـ شەكلىگە قارىمايمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپلەرگە ھەيرانۇھەس بوپتۇ ـ دە، قىزىنىڭ شەرتىگە كۆنۈپتۇ. شەرت بويىچە، قىز ئېگىز راۋاقتا ئولتۇرۇپ يىگىتلەرنى بىردىن ـ بىردىن ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسىلا شاھزادىلەر، بەگزادىلەر ئىكەن. بىر چاغدا قىز ئۇلارغا:

— بىرىڭلارنىڭمۇ قولى ئالتۇن ئەمەسكەن. ھەممىڭلارنىڭ بايلىقىڭلارنىلا كۆردۈم، بىراق گادايلىقىڭلارنى كۆرەلمىدىم. ئەمدى مەندىن ئۈمىد كۈتمەڭلار، مەن سىلەرگە تەگمەيمەن، مەيداندىن چىقىڭلار. بۇنىڭغا رازى بولمىساڭلار، كېلەر جۈمە كۈنى يەنە مەشەگە توپلىنىڭلار! — دەپتۇ. يىگىتلەرمۇ تارقىلىپتۇ. بۇ گەپ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ھەممىلا ئادەم ئاڭلاپتۇ.

يىراق بىر يېزىدا ئاق كۆڭۈل، بىرنەچچە خىل ھۈنەرنى بىلىدىغان، بىر ئەقىللىق ئوتۇنچى يىگىت بار ئىكەن. ئۇ مەلىكىنىڭ شەرتىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ بىر يۇرۇش تىككۈچىلىك، تۆمۈرچىلىك سايمانلىرىنى ۋە پولۇ ئېتىدىغان كەپكۈرىنى خۇرجۇنغا سېلىپ، ئېشىكىنى مىنىپ، ئۈستۈۋېشى توپا ـ تۇمان ھالدىلا يىگىت تاللاش مەيدانىغا كىرىپ مەلىكىگە سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ. دەسلەپتە بۇ يىگىت قىزغا بەك بىچارە كۆرۈنۈپتۇ، مەلىكە يىگىتنىڭ نامرات تۇرقىغا قاراپ، ئۇنىڭ نېمە بايلىقى بارلىقىنى بىلەلمەي بىرئاز تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھ ئوتۇنچى يىگىتكە قاراپ غەزەپكە كەپتۇ. مەلىكە يەنىلا مۇلايىملىق بىلەن يىگىتنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ماڭا يېقىنراق كېلىڭ، سىزدىن سورايدىغان سوئالىم بار، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا ھەممە شاھزادە، بەگزادىلەرمۇ مەيدانغا تەخ بولغانىكەن. مەلىكە:

— يىگىت، سىزنىڭ تۇرقىڭىزدىن گادايلىقىڭىز مانا مەن دەپلا تۇرۇپتۇ. بايلىقىڭىز بارمۇ؟ بايلىقىڭىزنى كۆرسىتىپ بې- قىڭا! — دەپتۇ. يىگىت:

— بايلىقىم خۇرجۇندا، خالىسىڭىز، كۆرسىتىمەن، — دەپتۇ ۋە خۇرجۇندىكى نەرسىلەرنى تۆكۈپ ئەھۋالنى چۈشەندۈ- رۈپتۇ، — سىزنىڭ ئوتتۇز كېنىزىكىڭىز بار، كىيىم تىك- كۈزمەكچى بولسىڭىز، رەخت سىزدىن، كېسىش، تىكىش مەن- دىن. ھايت - ھۇيت دېگۈچە سىزدىن بىر تالاي پۇل ئىشقا سالسامىلا، شۇ زامات باي بولىمەن، سايمانلىرىمنى ئالىمەن. مۇنۇ تۆمۈرچىلىك سايمانلىرى بىلەن شاھ ئامبىرىدىكى تۆ- مۈرلەردىن شاھنىڭ ئاتلىرىنى تاقىلاش ئۈچۈن تاقا، مىخ سو- قىمەن، ئاتلارنى تاقىلايمەن، ئۇنىڭدىنمۇ بىر تالاي پۇل ئالى- مەن. ماۋۇ كەپكۈر بىلەن كىشىلەرنىڭ نەزىر - چىراغ ۋە توي - تۆكۈنلىرىدە ئوخشىتىپ ئاش قىلىمەن، خەلقنى خۇش قىلى- مەن، ئۆزۈممۇ يەيمەن ھەم ھەق ئالىمەن. دېمەك، قولۇمنى



خۇرجۇنغا سالساملا، گاداي بولۇپ قالىمەن.

مەلىكە شۇ مەيداندىلا:

— مۇشۇ «ئالتۇن قول» لۇق يىگىت ئىكەن، مەن مۇشۇ يىگىتكە تېگىمەن، — دەپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادە، بەگزادىلەر ئاچچىقلىنىپ:

— سىز بىزنى ئەخمەق قىلدىڭىز، سىزنىڭ خىلىڭىز ئەسلىدە بىز ئىدۇق، بىر گادايىنى تاللىۋالدىڭىز. ئادەمنىڭ قولى دېگەن گۆش تۇرسا، قانداق قىلىپ قولى «ئالتۇن» بولىدۇ؟ بىزنىڭمۇ قولىمىز ئاشۇ گادايىنىڭ قولىغا ئوخشاشلا تۇرۇپتىغۇ! — دېيىشىپتۇ. مەلىكە:

— سىلەر بىكارلا ۋارقىراشماڭلار، قولنىڭ گۆش ئىكەنلىكىنى مەنمۇ ئوبدان بىلىمەن. مېنىڭ «ئالتۇن قول»لۇق يىگىت دېگىنىم — ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن جان باقىدىغان، ھەقىقي ئەمگەك سۆيىدىغان مۇشۇنداق يىگىت ئىدى، «ئالتۇن قول» دېگەن ئەمگەككە قارىتىلغان، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شاھزادە، بەگزادىلەرمۇ قايىل بوپتۇ. پادىشاھمۇ قىزىنىڭ تەلىپى بويىچە ئوتۇنچى يىگىتنى كۈيئوغۇل قىلىۋاپتۇ.

# بەختنى تاپقان باللار

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر كەنتتە ئۈچ كىچىك بالا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى پادىچى ئىكەن. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن تولىمۇ ئىناق ئىكەن. ئۇلار دائىم كەنتتىكى قوي پادىلىرىنى ئەڭ يىراقتىكى بىر ئورمانلىققا ئاپىرىپ باقىدىكەن. ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە بىر كونا بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزى ئېتىلىپ قالغاچقا، سۇ چىقمايدىغان بولۇپ قالغانىكەن، بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئوت - چۆپ ۋە تۈرلۈك لاتقىلار توسۇۋالغانىكەن.

بىر كۈنى پادىچى باللاردىن بىرى:

— بىز بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ سۈيىنى راۋانلاشتۇرۇپ قويساق، قانداق؟ — دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ھەمراھلىرى.

ئىككىنچى كۈنى ئۇلار بۇ يەرگە جەم بولۇپ، كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى تەييارلاپ، ئالدى بىلەن چوڭقۇر بىر ئېرىق چېپىپتۇ، ئاندىن بۇلاقنىڭ كۆزىگە تىقىلىپ قالغان ئەخلەت - چاۋار ۋە لاتقىلارنى ئېلىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىپ چىقىپ، ئېرىق ئارقىلىق تېگى قۇم بىر كۆلچەككە قۇيۇلۇپتۇ. بۇ ئۈچ بالا سۇنىڭ ئېقىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپتۇ. بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار كىچىك كۆلچەكنىڭ يېنىغا چوڭقۇر بىر كۆلچەك

كولاپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىدىن چوڭ بىر ئېغىز ئېچىپ قو-يۇپتۇ. ئۇلار كۆلچەكنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بۇلاقتىن سۇپسۇزۇك سۇنىڭ ئاستا ئېقىپ چىقىپ كىچىك كۆلچەككە، ئاندىن چوڭ كۆلچەككە قۇيۇلۇپ، ئاخىردا چوڭ ئېغىزدىن چىقىۋاتقانلىقىغا قاراپ زوقلىنىپتۇ.

دەل شۇ ۋاقىتتا ئورمانلىقتىن ئاجايىپ كېلىشكەن، گۈزەل بىر قىز چىقىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ قۇندۇزدەك قاپقارا سۇمبۇل چېچى تاپىنىغا چۇشۇپ تۇرغۇدەك، قىزنىڭ بېشىدا ئاق گۈلچەمبىرەك بار ئىكەن. ئۇ كېلىپ:

— ئەسسالام، باللار، سىلەرنىڭ بۇلىقىڭلاردىن سۇ ئىچسەم بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. باللار:

— ئىچىڭ، بىز، كىشىلەر سۇ ئىچسۇن دەپ، بۇلاقنىڭ سۈيىنى راۋانلاشتۇرۇپ قويدۇق، — دەپتۇ.



قىز ئېگىلىپ تۇرۇپ ئاپئاق، نازۇك قوللىرى بىلەن ئۈچ يۇتۇم سۇ ئىچىپتۇ، ئاندىن:

— مەن ئۈچىڭلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئۈچ يۇتۇم سۇ ئىچتىم، — دەپتۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا. ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — ياخشى ئىش قىلغىنىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. مەن ئورمانلىق ۋە ئورمانلىقلاردا ياشايدىغان بارلىق ھايۋانلارغا، ئورمانلىقتا ئۈچۈپ يۈرگەن بارلىق ئۇچار قۇشلارغا، شۇنداقلا ئورمانلىقتا ئۆسىدىغان بارلىق گۈللەر ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە ۋاكالىتەن سىلەرگە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن، سىلەرگە بەخت تىلەيمەن! خەير - خوش!

باللار بىر - بىرىگە قارىشىپ، خۇشاللىقىدا ھاياجانلىنىپتۇ.

— سىز بىزگە بەخت تىلىدىڭىز. بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسىڭىز! — دەپتۇ باللاردىن بىرى ھېلىقى ناتونۇش قىزغا قاراپ.

— بۇنى ئۆزۈڭلار چۈشىنىۋېلىڭلار. يەنە ئون يىلدىن كېيىن بىز دەل مۇشۇ جايدا ئۇچرىشىپ قالارمىز. شۇ چاغ- قىچە بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىسەڭلار، شۇ ۋاقتتا ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ قىز.

قىز سۆزىنى تۈگىتىپ، قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تۇيۇقسىز غايىب بوپتۇ. باللار ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قاپتۇ ۋە ئۇلاردىن بىرى:

— بىز بۆلۈنۈپ دۇنيانى ئايلىنىپ، بەختنىڭ نېمە ئىكەنلى- كىنى بىلىۋالايلى. مەن شەرققە باراي، — دەپتۇ.

— مەن غەربكە باراي، — دەپتۇ يەنە بىرى.

— مەن مۇشۇ كەنتتە قالاي، مۇشۇ يەردە تۇرۇپمۇ بەخت- نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالسام، ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

ئۇلار كېلىشكىنى بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ. ئون يىل ئۆتـ-
كەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ھېلىقى بۇلاقنىڭ يېنىدا ئۇچرى-
شىپتۇ. بالىلار ساغلام ۋە كۈچلۈك يىگىتلەردىن بولۇپ قالغا-
نىكەن. ئۇلار يۈز كۆرۈشۈپ، تولىمۇ خۇشال بولۇشۇپتۇ.

بۇلاقنىڭ سۈپسۈزۈك سۈيى بۇرۇنقىدەكلا جىمجىت ئې-
قىۋاتقانىكەن. بۇلاق يېنىدىكى دەرەخلەر ئۆسۈپ باراقسان بو-
لۇپ، سايە تاشلاپ تۇرغۇدەك، بۇلاقنىڭ تۆت ئەتراپىدا بولسا،
كىشىلەرنىڭ كېلىپ - كېتىشى بىلەن ھاسىل بولغان چى-
غىر يوللار تۇرغۇدەك. بۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ شۇ يەرگە سۇ
ئىچكىلى ياكى سۇ ئالغىلى كەلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك.
بۇ ئۈچ يىگىت بۇ يەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە ناھايىتى خۇشال-
لىق بىلەن زوقلىنىپ قارىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ھاياجانلى-
نىپ: «بىزنىڭ قىلغىنىمىز گەرچە كىچىك ئىش بولسىمۇ،
لېكىن ئۇنىڭ كىشىلەرگە يەتكۈزگەن پايدىسى ئاز بولماپتۇ!»
دېيىشىپتۇ ۋە بۇلاقنىڭ يېنىدا ھېلىقى گۈزەل قىزنىڭ كې-
لىشىنى كۈتكەچ سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— سىلەر مېنىڭ ئون يىلدىن بېرى نېمە ئىش قىلغان-
لىقىمنى بىلگۈڭلار كېلىدىغاندۇ، — دەپ سۆز باشلاپتۇ بى-
رىنچى يىگىت، — مەن سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن بىر
شەھەرگە بېرىپ، بىر ھەكىمدىن تېۋىپلىقنى ئۆگىنىپ، تېۋىپ
بولۇپ يېتىشىپ چىقتىم، — دەپتۇ.

— سەن بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدىڭمۇ؟ — دەپ
سوراپتۇ ئىككىنچىسى ئۇنىڭدىن.

— بىلدىم، بۇ ناھايىتى ئاددىي گەپ ئىكەن. مەن كې-
سەللەرنى داۋالىدىم، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى.
بۇ نېمىدېگەن بەخت! مەنمۇ باشقىلارغا ياردەم بېرەلىگەنلى-
كىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلدىم، — دەپتۇ ئۇ.

— مەن، — دەپتۇ ئىككىنچى يىگىت ئاستاغىنا، — ئورغۇن يەرلەرگە باردىم، كۆپلىگەن ئىشلارنى قىلدىم، ھەتتا گۇلچىمۇ بولدۇم. مەن مۇشۇنداق تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى باشقىلارغا پايدىسى تېگىدىغان ئادەم ئىكەنمەن، دەپ ھېس قىلدىم. مېنىڭ ئەمگىكىم بىكارغا كەتمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ ئۆزۈمنى بەختلىك سانايمەن.

— ئۇنداق بولسا، سەنچۇ؟ — دەپ ئىككىيلەن يېزىدا قالغان ھېلىقى ئۈچىنچى ھەمراھىدىن سوراپتۇ.

— مەن دېھقانچىلىق قىلىپ بۇغداي تېرىدىم، بۇغداي ئورغۇن كىشىلەرنى تويغۇزدى. ئەمگىكىمنىڭ بىكارغا كەتمەيدىغانلىقىغا سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ ئۆزۈمنى بەختلىك، دەپ ھېسابلايمەن ! — دەپتۇ ئۇ.

بۇ ئۈچەيلەن ئۇنچىقارماي ئولتۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا قەيەردىندۇر ئۇشتۇمتۇتلا ھېلىقى قىز پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ قىياپىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىكەن، بۇرۇنقىدەكلا قۇندۇزدەك قاپقارا سۇمبۇل چېچى، بېشىدا گۇلچەمبىرىكى تۇرغان. بۇ قىزنىڭ كەمتەرلىكى، ئاق نىيەتلىكى، گۈزەللىكى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرغۇدەك.

— مەن ناھايىتى خۇشال، سىلەر مېنىڭ سۆزۈمگە ئەمەل قىلىپ، يەنە مېنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈڭلار ! — دەپتۇ قىز، — مەن سىلەرنىڭ ھەممە سۆزۈڭلارنى ئاڭلىدىم. سىلەر ئۈچىڭلار بەختنىڭ ئەمگەككە، خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپسىلەر.

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ تەڭلا سوراپتۇ ئۈچەيلەن. ئۇ:

— مەن پاراسەتلىك قىز، — دەپ جاۋاب بېرىپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

# ئەسىردىكى ھېكمەتلەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر بالا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى «خامۇش» ئىكەن. ئۇ مولللىدا ئوقۇيدىكەن. بىر كۈنى خامۇشنىڭ ساۋاق ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، قانداقتۇر بىر ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى سەزگەن موللا:

— ھەي خامۇش، نېمىشقا سۆزگە قۇلاق سالمايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئىسمىم توغرۇلۇق ئازابلىنىۋاتىمەن، — دەپتۇ خامۇش، — چۈنكى مېنىڭ ئىسمىمنى ئاڭلىغان كىشىلەر مېنى چېچەن ئەمەسكەن دەيدۇ، شۇڭا مېنىڭ ئىسمىم ئاتال-غاندا بەك بىئارام بولىمەن. ئەسلىدە مەن خېلى چېچەن، زې-رەك ئىدىم. نېمە ئۈچۈن ماڭا خامۇش دەپ ئىسىم قويۇلۇپ قالدىكىن؟

موللام بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا، سەن پۈتۈن جاھاننى كېزىپ كۆر. ئۆ-زۈڭگە ياققان ئىسىمنى تاپساڭ، ئىسمىڭنى شۇنىڭغا ئۆزگەر-تىۋالساڭ بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن خامۇش جاھان كېزىپ يۈرۈپتۇ، بىر كەنتكە بارسا، بىر توپ جامائەت بىر مېيىتنى دەپنە قىلىۋات-قانىكەن، خامۇش ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمىنى سوراپ كۆرسە «ھا-

يات» ئىكەن.

— ھايات ئىسىملىك كىشىمۇ ئۆلەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خامۇش بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ.

— ھايات ئىسىملىك ئادەم بولسىمۇ، بەربىر ئۆلىدۇ، — دەپتۇ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان بىرى.

خامۇش بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. بىر شەھەرگە كەلسە، كوچىدا بىر ئەر كىشى خوتۇنىنى ئۇرۇۋاتقۇدەك.

— بۇ نېمە ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ خامۇش.

— بۇ ئەر كىشىنىڭ ئىسمى «ياۋاش»، خوتۇنىنىڭ ئىسمى «سائادەت»، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ بىر كىشى، — بۇ ئەر كىشىنىڭ ئاچچىقى بەك يامان. بۇلار بەك نامرات بولغاچقا، نامراتچىلىقتا تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمىگەنلىكتىن، ئىككىسى دائىم جېدەللىشىپ قالىدۇ.

خامۇش بۇنى چۈشەنمەستىن سوراپتۇ:



— بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ياۋاش تۇرۇقلۇق نېمىشقا مۇنداق سەپرا، قوپالدۇ؟ خوتۇنىنىڭ ئىسمى سائادەت تۇرۇقلۇق نې-مىشقا شۇنچە نامراتتۇ؟

ھېلىقى كىشى ھوميىپ تۇرۇپ:

— سەن تازا دۆت نېمىكەنسەن! — دەپتۇ.

خامۇش بۇ ئىشلارنى چۈشىنەلمەي يولغا راۋان بوپتۇ. بىر كىشى ئۇنىڭدىن يول سوراپتۇ. خامۇش ئۇنىڭغا يولنى ئېيتىپ بېرىپ، ئىككىسى بىللە مېڭىپتۇ. ھېلىقى كىشى ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ «يولباش» ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. خا-مۇش بۇنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قېلىپ:

— تازا غەلىتە ئىش، ئىسمىڭىز يولباش تۇرۇقلۇقمۇ يە-نە يول سورايدىكەنسىزغۇ؟ — دەپتۇ.

يولباش خامۇشنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، «بۇ تازا ساراڭ نېمىكەن» دەپ ئويلاپ، ئۆز يولىغا كېتىپ قاپتۇ.

خامۇش بىر بازاردىن ئۆتكەندە، بىر ئادەم:

— ھەي گاداي، بۇ قېتىمقى ئوقتىڭدە تازا پۇل تاپقان-سەن؟ — دېسە، ھېلىقى كىشى:

— كۆپ ئەمەس، جەمئىي بىرەر مىليون ئەتراپىدا، — دەۋاتقۇدەك. خامۇش، گاداي كىشى قانداق قىلىپ بايىغا ئايلى-نىپ قالغاندۇ؟ دەپ چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپتۇ.

ئاخىر خامۇش موللىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ دەپتۇ:

— موللام، مەن ھەممىنى كۆردۈم، «ھايات» ئىسىملىكمۇ ئۆلىدىكەن، «ياۋاش» ئىسىملىكمۇ بەتخۇي، قوپال كېلىدىكەن، «سائادەت» ئىسىملىكمۇ نامرات بولىدىكەن، «يولباش» ئىسىم-لىكمۇ يولدىن ئادىشىپ قالىدىكەن، «گاداي» ئىسىملىكمۇ باي بولىدىكەن. مەن شۇنى چۈشەندىمكى، گەپ ئىسىمدە ئەمەس، ھە-رىكەتتە ئىكەن، شۇڭا ئىسمىمنى ئۆزگەرتىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن.

# مېيىپ بالا

بۇرۇنقى زاماندا، نامى مەشھۇر ماكاندا ناھايىتى ئاق كۆ-
ڭۆل بىر جۈپ ئەر - ئايال بولۇپ، ئۇلار ئىناق ياشايدىكەن،
ھال - ئوقىتىمۇ ئۆزلىرىگە يارىشا، ئالتە كۈندە گۆشلۈك تا-
ماق، ھەپتىدە بىر پولۇ ئەتكۈدەك، كەلگەن مېھمان كۈتۈنۈپ
رازى بولۇپ كەتكۈدەك ئىكەن. شۇغىنىسى، ئۇلار ئون يىل
ئۆي تۇتۇشقان بولسىمۇ، پەرزەنت يۈزى كۆرمەپتۇ. ئۇلار
خۇدادىن كېچە - كۈندۈز پەرزەنت تىلەپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈ-
شى بىلەن ئۇلارنىڭ زارى خۇداغا يېتىپ پەرزەنت ئاتا قىپتۇ.
ئەپسۇس، ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس... پەرزەنتنىڭ كۆزى كۆر-
مەس، تىلى سۆزلىمەس، قۇلىقى ئاڭلىماس، قولى تۇتماس، پۇ-
تى باسماس ئىكەن.

ئەر - ئايال ئىككىلىسى: «ئى خۇدا، تىلىكىمىزنى ئىجا-
بەت قىلىپ پەرزەنت ئاتا قىلدىڭ. بۇ نارەسىدىدىن كۆز،
قۇلاق، تىل، قول، پۇتنى نېمىشقا ئايىغانسەن؟» دەپ، نالە
قىلىپ ئىچ - ئىچىدىن يىغلايدىكەن...

مېيىپ بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئەر - ئايال ئۇنى
كوچىغا ئاچىقىپتۇ. خۇدانىڭ رەھمى كەلدىمۇ، ھېلىقى مېيىپ
بالىنىڭ كۆزى ئېچىلىپتۇ، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىش ھامان
مەكتەپتىن يانغان باللارغا ئالىيىپتۇ. ئۇنىڭ ئالىيىشىدىن

قورققان بالىلار قېچىپتۇ. ئۇشتۇمتۇت مېيىپ بالىنىڭ قۇلى-
قى ئاڭلايدىغان، تىلى سۆزلەيدىغان، قولى تۇتىدىغان، پۇتى
باسىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بالىلارنىڭ ئارقىسىدا قالغان كى-
چىك بىر قىزغا: «ھازىر سېنى ئۇرۇشقا ئاسماندىن ۋەھيى
كەلدى» دەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا تاش ئېتىپتۇ، تاش قىزغا تې-
گىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بۇنى ئاز دەپ يۈگۈرۈپ بېرىپ تې-
پىپتۇ. ئاتىسى بىلەن ئانىسى مىڭ تەستە ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار:

— ئى پەرۋەردىگارىم، بۇنىڭ ئەسلىي پەيلى شۇم ئىكەن-
دۇق، قۇدرىتىڭ ئۇلۇغكەن، ئەسلىدە بالىمىزنىڭ خۇي ـ پەي-
لىگە مېيىپلىك لايىق ئىكەن، — دەپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى بالا قايتا كۆزى كۆرمەس، قۇ-
لىقى ئاڭلىماس، تىلى سۆزلىمەس، قولى تۇتماس، پۇتى باس-
ماس بولۇپ قاپتۇ.

«پەيلىگە بېقىپ پەيمانى» دېگەن گەپ مانا شۇنىڭدىن
قالغانمىش.

# بايىزەك

بۇرۇنقى زاماندا بەشتام شەھىرى دېگەن جايدا بۇۋى سەي-شەنبە دەپ بىر خوتۇن ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بايىزەك دېگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. بايىزەك كىچىك چېغىدىلا: «ھەرەمگە بارىمەن» دەپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ھەرەمگە بېرىپ كۆپ قېتىم ھەج قىپتۇ. ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئاپىسى ۋە يۇر-تىنى سېغىنىپ قايتىپتۇ، كۆن كەچ بولغاندا ئۆز شەھىرىگە كەپتۇ ـ دە، يوللارنى تونۇيالماي، قايان مېڭىشىنى بىلەلمەي بىر ئادەمدىن ئۆيىنى سوراپتۇ.

— سەن نېمە ئادەم؟ — دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ ئۇ ئادەم.

— مەن بۇۋى سەيشەنبە خېنىمنىڭ ئوغلى بولىمەن، — دەپتۇ بايىزەك.

— نەگە بېرىپ، نەدىن كېلىۋاتىسەن؟

بايىزەك ئۆزىنىڭ ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەنلىـ-كىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— خۇدا قوبۇل كۆردىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

— بىلمەيمەن، خۇداغا ئىبادەت قىلدىم، كۆپ قېتىم ھەج قىلدىم، — دەپتۇ بايىزەك.

— سەن نەچچە يىلدىن بېرى ئاناڭنى تاشلىۋەتتىڭ. ھا-زىر ئاناڭنىڭ قانداق ھالەتتە قالغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئاناڭ

«ھۇ» دېسە، ئاسماندا ئوت چاقنايدىغان ئايال ئىدى، سېنىڭ دەردىڭدە تولا يىغلاپ كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئاناڭنىڭ ئۆي - زېمىنلىرىمۇ بۇزۇلۇپ تۈگىدى. ئاشۇ دوقمۇشقا بارساڭ، تېمىغا توپا يۆلەپ، ئىشىكىنى يىپ بىلەن چىگىپ قويغان بىر ئۆي بار، مانا شۇ ئۆي ئاناڭنىڭ ئۆيى، — دەپ كايىپتۇ ھېلىقى كىشى. بايىزەك دوقمۇشقا بېرىپ ئانىسىنى چاقىرىپتۇ. ئانىسى ئۆيىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپلا:

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بايىزەك.

— نەگە بېرىپ، نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟

— مەن سېنىڭدەك ئانامنى تاشلىۋېتىپ، مېنى ياراتقان خۇدانىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، خۇداغا ئىبادەت قىلغىلى باردىم.

— خۇدا قوبۇل كۆردىمۇ؟

— بىلمىدىم، ئانا، خۇداغا ئىبادەت قىلدىم، كۆپ قېتىم ھەج قىلدىم، ئەمما خۇدانىڭ قوبۇل كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ بايىزەك.

— چاپىنىڭنىڭ پېشىنى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن تىق، — دەپتۇ ئانا. ئانا ئوغلىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى كۆزىگە سۈرتكەندىن كېيىن كۆزى ئېچىلىپتۇ. ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ، بالىسى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. «سەن بارغان ھەرەمگە مەنمۇ باردمەن» دەپ زارلاپتۇ ئانا. بايىزەك سېۋەت توقۇپ ئانىسىنى سېۋەتكە ئولتۇرغۇزۇپ، سېۋەتنى بېشىغا ئېلىپ ھەرەمگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ھەرەمگە بېرىپتۇ. ئانىسىنى يەتتە قېتىم بەيتۇللاغا باش قويدۇرۇپ، زىيارەت قىلدۇرۇپتۇ، ئاندىن يەنە كۆتۈرۈپ ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كەپتۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن:

— ھەي ئانا، مەندىن رازى بولدۇڭمۇ؟ نەچچە يىلدىن بې-

-رى مەن سىنى تاشلىۋېتىپ، ھالىڭدىن خەۋەر ئالالمىدىم، — دەپتۇ بايىزەك.
— ھەي بالام، خۇدا رازى بولسا، مەن رازى بولمەن، — دەپتۇ ئانا. شۇئان كۆكتىن «ئاناڭ رازى بولسا، مەنمۇ رازى بولمەن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئانا خۇداغا، خۇدا ئانىسىغا ئىتتىرىپ بايىزەكنى تەمتىرىتىپ قويۇپتۇ. بايىزەكنىڭ ئاچ-چىقى كەپتۇ. ئۇ: «ئانامۇ رازى بولمىسا، خۇدامۇ رازى بول-مىسا، مەن يەتمىش يىل قىلغان ئىبادىتىمنى ساتىمەن» دەپ، توۋلاپ كوچىغا چىقىپتۇ. شۇ شەھەردە بىر قىمارۋاز بار بو-لۇپ، ئۇ قىرىق ياشقا كىرگۈچە بىر قېتىممۇ ناماز ئوقۇمىغا-نىكەن. قىمارۋاز كىشىلەردىن ئىبادەتنى سېتىۋالسا، بولىدىغان-بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ. كىشىلەر قى-مارۋازغا مەسلىھەت بەرگەندىن كېيىن، قىمارۋاز بايىزەكنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.
— سىز باياتىن نېمىنى ساتىمەن دېدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ.
— يەتمىش يىللىق ئىبادىتىمنى ساتىمەن، — دەپتۇ بايىزەك.
— نېمە ئۈچۈن ساتىمەن دەيسىز؟ — دەپتۇ يەنە قى-مارۋاز.
— نەچچە يىلدىن بېرى تويمىغان نەپسىمنى تويغۇزاي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بايىزەك.
— مېنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى قىلمىغان ئەسكىلىكىم قالمىدى. ھازىر يانچۇقۇمدا ئازراق پۇل بار. ئىبادىتىڭىزدىن شۇ پۇلغا تۇشلۇق بېرەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ قىمارۋاز.
— نەچچە پۇل بولسا مەيلى، شۇنچە پۇلغا بەردىم، — دەپتۇ بايىزەك. قىمارۋاز يانچۇقىدىن پۇلنى يەرگە تۆكۈپتۇ. بۇ پۇل ئىككى تەڭگە چىقىپتۇ. بايىزەك شۇ پۇلغا ئىبادىتىنى

سېتىپتۇ، پۇلنى ئېلىپ ئاشپۇزۇلغا بېرىپتۇ، ئاشپەزگە پۇل-نى تەڭلەپ:

— بۇ پۇلغا نەچچە مانتا كېلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بەش قاسقان مانتا كېلىدۇ، — دەپتۇ ئاشپەز.

بايىزەك بەش قاسقان مانتىنى بىراقلا ئاپتۇ. ئۇ مانتىنى كۆتۈرۈپ بىر مازارغا كەپتۇ. بايىزەك: «ئالە نەپسىم، ئالە، يەتمىش يىلدىن بېرى مېنى تويغۇزمىدىڭ دەيسەن، قېنى تويى-غۇچە يە. سەن بۇگۈنغۇ مانتىنى يەرسەن، ئەتە ساڭا يەنە ئىك-كى تەڭگە بارمۇ؟» دەپ، ئۆزىنىڭ نەپسى بىلەن جەڭ قىلىۋاتـ-سا، غىڭشىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بايىزەك مانتىنى قويۇپ ئەتراپنى ئىزدەپتۇ. قارىسا، بىر ئوچۇق گۆردە بىر قانجۇق ئالتە بالىسى بىلەن يۇقىرىغا چىقالماي ياتقۇدەك. بايىزەك ئىتنى گۆردىن تارتىپ چىقىرىپ مانتا بېرىپتۇ. ئىت مانتىنى يەپ ئاسمانغا قاراپ: «ئەي خۇدا، مۇشۇ بەندەڭنى ھاجىتىدىن چىقارغايسەن» دەپ تىلەپتۇ. بايىزەك لېگەننى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. بىر چاغدا ئاسماندىن:

— ئەي بايىزەك، سەن ئۆز نەپسىڭدىن كەچمىگەن بول-ساڭ، ئاشۇ قانجۇق ئالتە بالىسى بىلەن ئۆلگەن بولاتتى، مەن سەندىن رازى، — دېگەن سادا كەپتۇ.

# ئانا - بالا

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا مال - مۈلكى كۆپ، بىراق بالىسى يوق بىر باي ئۆتكەنىكەن. باي پەرزەنت كۆرۈش ئىراقىدا ئۆر- تىنىدىكەن. ئاي - يىللار ئۆتۈپ، ئۇنىڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلار بۇ ئوغۇلغا بەك ئامراق ئىكەن.

بىر كۈنى باي تۇيۇقسىز ئېغىر كېسەل بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. باي خوتۇنى ۋە بالىسىنى يېنىغا ئول- تۇرغۇزۇپ:

— خوتۇن، مەن ساقىيالمايدىغاندەك تۇرىمەن، ئۆلۈپ كەتسەم، مال - مۈلكۈم تۈگەپ كەتكۈچە سېتىپ، خەجلەپ ئوغلۇمنى ئوبدان باققىن. بالام، سەنمۇ ئاناڭنىڭ سۆزىدىن ھەر- گىز چىقمىغىن، — دەپتۇ.

باي ئۇزاق ئۆتمەي ۋاپات بوپتۇ. باي ئۆلگەندىن كېيىن خوتۇنى مال - مۈلكنى سېتىپ خەجلەپ ئولتۇرىۋېرىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارلىق مال - مۈلۈك تۈگەپ، ئۆيد- گە چاشقان كىرسە، يامانلاپ چىققۇدەك بولۇپ قاپتۇ. قاتتىق قار يېغىۋاتقان بىر كۈنى ئانىسى داڭقاننى ئېسىپ قوراي بىد- لەن ئوت تۇتاشتۇرۇۋاتسا، ئوغلى تالادىن بىر باش چامغۇرنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ.

— نەدىن تاپتىڭ، بالام؟ — دەپتۇ ئانىسى.

— بازاردا بىر دېھقان چامغۇر سېتىۋاتقانىكەن، خې-
رىدارلار ناھايىتى كۆپ، بۇ چامغۇر شۇلارنىڭ ئايىغىدا دومىلاپ
يۈرۈپتىكەن، قولۇمنى ئۇزاتسام، ھېچكىم كۆرمىدى، ئالغاچ
كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— ۋاي ئوبدان بالام، ئەقىللىق بالام! ساڭا مۇشۇ چام-
غۇرنى توغراپ ئاش ئېتىپ بېرىمەن، ئەجەب ياخشى ئىش
قىپسەن، — دەپتۇ ئانا خۇش بولۇپ.

بالا ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر تۇخۇمنى كۆتۈ-
رۈپ كىرىپتۇ.

— نەدىن ئالدىڭ، بالام؟ — دەپ سوراپتۇ ئانا.

— قوشنىمىزنىڭ توخۇ كاتىكىدىن، — دەپ جاۋاب بې-
رىپتۇ بالا.

— ۋاي بالام، يۈگۈر، ئادەم بارمۇ، يوق؟ يوق بولسا، يەنە
كاتەككە كىرىپ خورازنى تۇتۇپ كىر. ئۇنى سېتىپ ساڭا بىر
قولاقچا ئېلىپ بېرەي، — دەپتۇ ئانا. بالا ئانىسىنىڭ دېگە-
نىنى ئورۇنداپتۇ...

شۇنداق قىلىپ، بالا يانچۇقچى قول سالىدىغان، ئالغان
نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئانىسىغا ئاپىرىپ بېرىدىغان بوپتۇ.
بارغانسېرى يۈرىكى قاپتەك يوغىناپ، بازار ۋە ئېغىللاردىن
قوي، كالا ئوغرىلايدىغان بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ
ئوردىسىغا كىرىپتۇ - دە، خەزىنىگە ئاچقۇچ ساپتۇ ۋە بىر
خۇرجۇنغا تولدۇرۇپ ئالتۇن - كۈمۈش ئاپتۇ. بۇنىڭغا كۆزى
تويماي، تۇخۇمدەك گۆھەرلەرنى، ياقۇت - مەرۋايىتلارنى ياغ-
چۇقلىرى، قوينى توشقۇچە ساپتۇ - دە، «رەبىم» دەپ سىرت-
قا مېڭىپتۇ. بالا ئوردا سېپىلىدىن چۈشۈشكە ھەپىلىشىۋات-
قاندا، ئوردا قاراۋۇللىرى تۇيۇپ قېلىپ تۇتۇۋاپتۇ ۋە بالىنىڭ
پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ،

ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ دەرغەزەپكە كېلىپ، بالىنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇپتۇ. ئالتە جاللات قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، بالىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ياساۋۇل، مىرشەپلىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ، جازا مەيدانىغا قاراپ مېڭىپتۇ. جازا مەيدانىنى نۇرغۇن خەلق ئوراپ تۇرۇپتۇ.

ئالتە جاللات دار ئالدىدا بالىنىڭ بوينىغا سىرتماق سېلىپ، پادىشاھنىڭ ئاخىرقى يارلىقىنى كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ.

— ئۆلۈش ئالدىدا پادىشاھقا بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى، — دەپتۇ بالا.

— بوپتۇ، گېپىنى دەۋالسۇن، — دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ پادىشاھ.

— مېنىڭ ئانامدىن باشقا ھېچنېمەم يوق، — دەپتۇ بالا كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، — مەن ئانامغا بەك ئامراق ئىدىم، ئاناممۇ ماڭا بەك ئامراق ئىدى، شۇڭا ئۆلۈم ئالدىدا ئانام بىلەن بىر كۆرۈشۈۋالسام.

پادىشاھ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. جاللاتلار تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ، بالىنىڭ ئانىسىنى ئىزدەپتۇ. ئانا بىر چەتتە كۆز يېشىنى تۆكۈپ تۇرغانىكەن، جاللاتلار ئانىنى بالىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپتۇ.

— جېنىم ئانا ! — دەپتۇ بالا، — سەندىن بۈگۈن ئايرىلىدىغان بولدۇم، تىلىڭنى چىقارساڭ، بىر شورىۋالسام.

ئانا ئۆلۈم ئالدىدىكى بالىنى رازى قىلىش ئۈچۈن تىلىنى چىقارغانىكەن، ئوغلى «گاچ» قىلىپ چىشلەپتۇ، ئانا ئاغرىققا چىدىماي «ۋايجان !» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ، لېكىن بالا قويۇپ بەرمەي ئۈزۈۋاپتۇ. پادىشاھ بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ بالىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— سەن نېمە ئۈچۈن دارغا ئېسىلىش ئالدىدا ئاناڭنىڭ رازىلىقىنى ئالماي، تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالىسەن؟ — دەپ

سوراپتۇ.

بالا پادىشاھقا بىرىنچى قېتىم چامغۇر ئوغرىلاپ كەلگەن ۋەقەدىن باشلاپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئاخىردا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ھېلىقى دېھقاننىڭ چامغۇرىنى ئۆيگە ئېلىپ كىرگەندە، ئانام مېنى يامان ئىشتىن ياندۇرغان بولسا، مەن مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالمىغان بولاتتىم، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ مېنى ئوغرىلىققا ئۆگەتكەن تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالدىم.

پادىشاھ بالىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، گۇناھىنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ ۋە بالىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئانىنى جازالاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بالا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھالال ئەمگەك بىلەن ئۆتۈپتۇ.

# غەم دېگەن شۇنداق بولسا

توخۇ تۇرنا، بۆرە قاراقچى، تۈلكە ماراقچى، سېغىزغان يالاقچى نامىنى ئالغان زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ كۈنگە بىر قىزغا ئۆيلىنىدىكەن، سۈبھى يورۇش بىلەن قىزنىڭ كاللىسىنى ئالىدىكەن. كۈن ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ، شەھەردە قىز تۈگەپ، نۆۋەت ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ يالغۇز قىزىغا كەپتۇ. ۋەزىر قىزىغا بەك ئامراق ئىكەن، يىغلاپتۇ - قاقشاپتۇ. شۇ ئارىدا قىز مەدرىسىدىن قايتىپ كېلىپ سوراپتۇ:

— دادا، نېمە بولدىلا؟

— سېنىڭ غېمىڭ، قىزىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر ۋە ئەھۋالنى يوشۇرماي ئېيتىپ بېرىپتۇ. قىز پىسەڭگىدە كۈلۈپ:

— يىغلىمىسىلا، دادا، پادىشاھنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرىدمەن، — دەپتۇ ۋە ياسىنىپ - جابدۇنۇپ، تەخلىنىپ تۇرۇپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ. ئىككى جاللات قىزنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى نۆۋىتى كەلگەن قىزلار داد - پەرياد ئەيلەپ ئوردىنى كۆتۈرۈۋېتىدىكەن. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ قىزى ئۇنداق قىلماپتۇ. ئۇ تاتارماي، تەمتىرىمەي، ئوردىغا ئۇدۇللا كىرىۋېرىپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ھەي نادان قىز، مەندىن قورقمىدىڭمۇ؟

— ھەزرىتى پادىشاھىئالەم، ئۆزلىرى مەندىن قورقمىغان يەردە مەن سىلىدىن قورقاتتىممۇ؟ ! — دەپتۇ قىز.

بۇ سۆزدىن ئوردا ئەھلى كۈلۈشۈپتۇ. پادىشاھ كۆزىنى پارقىرىتىپ چالۋاقاپتۇ:

— ئېيتە، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئەي ئەزىز شاھىم، بىر سوئالىم بار، ئاۋۋال شۇنىڭغا جاۋاب بەرسىلە، — دەپتۇ قىز.

— قېنى، سورا ! — دەپتۇ پادىشاھ كۆرەڭلەپ.

— پېقىرنى ئوردىغا نېمىگە چاقىرتتىلىكىن؟

— بىر كېچىلىك ئەمرىمگە ئېلىش ئۈچۈن.

— مەنمۇ شۇنى كۈتۈپ تۇراتتىم، — دەپتۇ قىز، — ئەمما، بىر شەرتىم بار، ئورۇندىيالىسىلا ھەممىگە رازىمەن. ئورۇندىيالمىسىلا ئۆلتۈرەمدىمەن، سازايى قىلامدىمەن، ئىختىيار ئۆزۈمدە بولسۇن.

— ھەرقانداق شەرتىڭ بولسا ئورۇندايمەن، تېزرەك ئېيتقىن، — دەپتۇ شاھ.

— ئۇنداق بولسا، غەمسىز ئادەمدىن بىرنى تېپىپ كېلىلا، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن، ئۆز ئاغزىم بىلەن گەپ سورايمەن.

پادىشاھ: «ئەجەب ئاددىي شەرتكەن بۇ، غەمسىز ئادەم ئوردىنىڭ ئىچىدىلا كۆپقۇ» دەپ ئويلاپ، قىزنىڭ شەرتىنى دەررۇ قوبۇل قىپتۇ. قىز پادىشاھقا بىر ئايلىق مۆھلەت بېرىپتۇ. ئوردا ئەھلى گۇۋاھ بوپتۇ.

پادىشاھ ئوردىنى ئايلىنىپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈپتۇ، غەمسىز ئادەم تېپىلماپتۇ. پۇقراچە كىيىنىپ شەھەرگە چىقىپتۇ. شەھەر ئوردىدىنمۇ بەتتەر ئىكەن. پۇقرالارنىڭ بەزىسى قورساق دەردىدە ۋايسىسا، بەزىسى يەر - جاي، بالا - پەرزەنت ، كى-

يىم ـ كېچەك، سودا ـ مۇئامىلە، ئۆلۈم ـ يىتىم ئۈستىدە قايغۇرۇۋاتقۇدەك؛ قىز بالىسى بارلارنىڭ قايغۇسى ھەممىنى بېسىپ چۈشكۇدەك؛ جېدەل ـ ماجىرامۇ ھەر قەدەمدە ئۇچراپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ ئىلاجسىز ئۈششاقۇ چوڭ، پىششىقۇ تولۇڭ ھەممە ئادەم بىلەن ئەسرارلىشىپ، مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. مۆھلەت ۋاقتى توشاي دەپ قاپتۇ. پادىشاھ قىزنىڭ ئالدىدا مات بولۇپ يۈزى چۈشۈپ كېتىش، جېنىدىن ئايرىلىشتىن ئەنسىرەپ ئوردىغا قايتالماپتۇ، قىزنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىدىنمۇ كەچمەپتۇ. شۇ ئوي بىلەن بىر كۈنى ئۇ شەھەر مەركىزىدىكى سارايغا بېرىپ، سودىگەرلەردىن ئۇقۇشۇپ كۆرۈپتۇ. سودىگەرلەر: «ئالتۇنلۇقۇم دېگەن شەھەرنىڭ تاجى دۆلەت ئىسىملىك بىر پادىشاھى بار، بەلكىم شۇنىڭ غېمى بولمىسا كېرەك» دېيىشىپتۇ. پادىشاھ رەھمەت ئېيتىپ، تاجى دۆلەتنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئالتۇنلۇقۇم شەھىرىنىڭ ئارىلىقى يەتتە كېچە ـ كۈندۈزلۈك يول ئىكەن. پادىشاھ خۇشلۇقتا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىلا يېتىپ بېرىپتۇ. تاجى دۆلەتنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. تاجى دۆلەت شاھ ئالتە پادىشاھلىقنىڭ شاھىنشاھى بولۇپ، دۇنيادەپىنە، زىبۇزىنىنەت، مال ـ مۈلكىنىڭ ھېسابىنى ئۇقمايدىكەن؛ قەدىمى تەگكەن يەردە چارىبېغى، سەيلىگاھ تېغى بار ئىكەن؛ بىر ۋاخلىقىغا يۈز تىللالىق تاماق يەيدىكەن؛ قەسرىسى ئالتۇندىن، قاچا ـ قوشۇق، قازان ـ قومۇچ، ئوردا جابدۇقلىرى كۈمۈشتىن ياسالغانىكەن. ئەمما، ئۇ بالا ۋاقتىدا ئاتىسىنىڭ پادىشاھلىق تەلىماتىنى، خەلپەتلىرىنىڭ دەرسىنى ئۆگىنىپ بولالماي زار قاقشىغانىكەن. ئاتىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، شەھەرنى قانداق باشقۇرۇش، پۇل ـ پۇچەكنى نەدە قويۇشنىڭ غېمىدە ئۇيقۇسىز تۈننى تاڭغا

ئۆلاپتۇ، ساقىلى ئاقارغانسېرى بالىسىزلىقتىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ: «ئۆلسەم شەھىرىم، دۇنيالىرىم كىمگە قالار؟» دېگەن غەمدىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ غەمسىز ئۆتكەن بىر دەقىقە ۋاقتىمۇ يوق ئىكەن. پادىشاھ ئاڭلاپ بولۇپ:

— پېقىرنىڭ غېمى ھەزرەتلىرىنىڭ غېمىگە ياماقمۇ بولالمايدىكەن، — دەپتۇ ۋە غەمسىز ئادەمدىن بىرنى تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋاپتۇ.

تاجى دۆلەت شاھ تۇرۇپ كېتىپ:

— مەن بۇ ئىشنى سىناپ كۆرگەنىدىم، ئاخىرى قىزىقارلىق بولۇپ چىقتى. بوپتۇ، نائۇمىد قالمىسىلا، بۇنىمۇ بىلىپ قالغانلىرى تۇزۇك، — دەپ، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىپ بېرىپتۇ، — غەم باسقانسېرى «ئالەمدە غەمسىز ئادەم بارمىدۇ؟ غەمسىز ئادەم قانداق بولىدىغاندۇ؟» دەيدىغان بولۇپ قالدىم. بۇنداق ئادەمنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ، غەمسىز ئادەم ئۆزىنى مەلۇم قىلسا، مىڭ تىللا ئىنئام قىلىدىغانلىقىم ھەققىدە ئالتە شەھەرگە پەرمان چىقاردىم. مەنمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش «غەمسىزلەر كۆپتۇ» دېگەن ئويدا ئىدىم، شۇڭا خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتۇرۇپ، كۈتۈپ ئولتۇردۇم. قانداق بولىدى دېمەملا؟ بىر ئاي كۈتتۇم، ئىككى ئاي كۈتتۇم، بىرەر ئادەم ئۆزىنى مەلۇم قىلمىدى. ئۈچىنچى ئېيىغا كەلگەندە، ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي: «مانا مەن غەمسىز» دەپ، كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن: «گېپىڭىز راستمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «غەم دېگەن قانداق نېمە؟ بىلمەيدىكەنمەن، سۆزلەپ بەرسىلە، بىلىۋالسام» دېدى. مېنىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشىم ئاسان ئىدى، لېكىن مەن ئىشەنچلىك يەكۈنگە موھتاج ئىدىم. شۇڭا، ئۇنىڭدىن: «تۇرمۇشىڭىزنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتىسىز؟» دەپ ياندۇرۇپ سورىدىم. بوۋاي: «سەككىز ئوغلۇم بار، نۆۋەت بىلەن

ھەربىرىنىڭكىدە بىر ئايدىن تۇرىمەن. يەي، كىيەي دېسەم،
ئالدىمدا ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدۇ، ياتاي دېسەم، يەتتە قات
كۆرپە تەييار» دەپ ماختىنىپ سۆزلەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا:
«ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىپ سوئالىڭىزنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ
كېتىڭ، تىللانى شۇ چاغدا بېرەي» دېدىم. بوۋاي بىر كۈن
بۇرۇن پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، چىرايى سا-
ماندەك سارغايغان بولۇپ، تاۋى بوش ئىدى. ئۇ ئالدىمدا تىز-
لىنىپ: «داد پادىشاھىئالەم، ھۇزۇرلىرىدىن ئايرىلىپ، چوڭ
ئوغلۇمنىڭكىگە بارسام، كېلىنىم ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇۋال-
دى. نېمە ئىشكىن دەپتىمەن، ئۇقسام، بالىلىرىم ئۆزلىرى
ئىنئام قىلماقچى بولغان مىڭ تىللانى ئۈلىشەلمەي جېدەل
تېرىپتۇ. بىرى ‹دادامنى مەن ئوبدان باقتىم، تىللانىڭ يېرىمى
مېنىڭ› دېسە، يەنە بىرى ‹مېنىڭمۇ ئەجرىم ئاز ئەمەس، ئۈچ-
تىن بىرىنى ئالىمەن› دەپتۇ. باشقىسىمۇ بوش كەلمەي قان
بولۇشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىمنى
كۆرۈپ، ئۆيىگە كىرگۈزمىدى، بىر كېچە تالادا ياتتىم، ئەزرا-
ئىلنى سېغىندىم، ئۇ كەلمىدى. ئەمدى نەدە يېتىپ ـ قوپۇ-
شۇمنى، نېمە يەپ، نېمە كىيىشىمنى بىلمەيمەن. بولدى، غەم
دېگەن شۇنداق بولسا، سورىمايلا قوياي، سوئالىمنى قايتۇرۇپ
بەرسىلە» دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇمۇ غەملىك ئادەم بولۇپ
چىقتى. غەمسىز ئادەم جەننەتتە بارمىكىن، ھېچ بىلمىدىم.
ئاۋارە بولماي كېتىۋالسىلا بولارمىكىن !

پادىشاھ ئالتۇنلۇقۇم دېگەن شەھەردىن قايتىپتۇ، باراردا
ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدە باسقان يولنى ياناردا يېرىم ئايدا تۈ-
گىتەلمەپتۇ، يول بويى جان قايغۇسىدا كانىيىدىن غىزامۇ
ئۆتمەپتۇ، ياداپ قوشۇقتەك بولۇپ قاپتۇ، ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئور-
نى يوقكەن، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئوردىغا كەپتۇ ۋە

قىزنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. قىز پادىشاھتىن:

— قېنى، غەمسىز ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ بېشىنى چايقاپ:

— بۇنداق ئادەم يەر يۈزىدە يوق ئىكەن، خېنىم. غەم دېگەن شۇنداق بولسا، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي، مۇندىن كېيىن ئۆزۈمنى بىلەي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

قىز قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ:

— تۇنجى سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى ئۆزلىرى تاپتىلا. غەمنىڭ مەنىسىگە چۈشەنگەن بولسىلا، بوپتۇ. نامەردلىك ئۆزلىرى بىلەن قۇرۇسۇن، مەن سىلى قىلغاننى قىلماي، — دەپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆيلەنمەپتۇ، پۇقرالارنىڭ غېمىدە بوپتۇ. قىزلار چوڭ بولۇپ ئۆز جۈپتىنى تېپىپتۇ.

# يالتايغاق بوۋاي

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بار ئىكەن، بىراق ناھايىتى كەمبەغەل ئىكەن، كەمبەغەل بولغاندىمۇ ھېچ نەرسىسى يوق بىر بىچارە ئىكەن. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى بايلارغا ئىشلەپ ئۆتكۈزۈپتۇ. بوۋاي بايلارنىڭ ئىشىكىدە ئىشلەپ يۈرگەندە، باشقا ئورتاقچى، يىللىقچى، مەدىكارلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، باينىڭ قولىدىكى دۇنيالار مەندە بولغىنىدا ھەممىسىنى شۇ بىچارىلەرگە بۆلۈپ بېرەر ئىدىم، دەپ ئويلايدىكەن.

بىر كۈنى باي بوۋاينىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن كىچىككىنە يەر ۋە ئۇرۇقلۇق بېرىپتۇ. بوۋاي ناھايىتى خۇشال بوپتۇ.

ئۇ ئۆز ئالدىغا دېھقانچىلىق قىلماقچى بولغىنىدا، ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن شۇ ئارزۇلىرى يەنە قوزغىلىپ: «خۇدا، شۇ يېرىمنىڭ ھوسۇلى كۆڭلۈمدىكىدەك بولسا، ھەممىسىنى ئاچ ـ يالىڭاچ كەمبەغەللەر بىلەن تەڭ يەيتتىم» دېگىنىچە كېچە ـ كۈندۈز تىرىشىپ ئىشلەپتۇ. ئەتراپىدىكى كەمبەغەل دوست ـ يارلىرىمۇ ئۇزۇلمەي كېلىپ ياردەم قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئاخىر بوۋاينىڭ تەلپىدەك بولۇپ، ئاشلىق ناھايىتى ياخشى ئوخشاپتۇ. ئوخشىغاندىمۇ قانداق دەڭ، ھەربىر باشاق ئاق قوناقتىنمۇ چوڭ دان تۇتۇپ، غوللى-

ـرى باشاقلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كېتىپتۇ.
كۈز كېلىپ، ئاشلىقمۇ پىشىپتۇ. بىراق، بۇنداق بولۇق بۇغداينى بوۋاينىڭ ئۆزى يالغۇز قانداقمۇ يىغىۋالالىسۇن؟! بوۋاي پۈتۈن يېزىدىكى دېھقانلارنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. دېھـقانلار: «بوۋايغا كەلگەن ئامەت بىزنىڭمۇ ئامىتىمىز» دەپ، يۈگۈرۈشۈپ كەپتۇ. ئاشلىقنى ھەممە ئۆملۈكتە ئوروپ، تېپىپ، چەشلەپ تەييار قىلىپ بېرىپتۇ. مارجاندەك بۇغدايلار خامانغا دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. تاغدەك دۆۋىلەنگەن ئاشلىقنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ، نەپسى يوغىناپ، بايلىق كويىغا چۈشۈپتۇ، چوڭ خوجايىن بولۇپ، ئوڭدا يېتىپ راھەت كۆرۈشنى ئويلاپتۇ، يار ـ يۆلەك بولغانلارنىمۇ ئۇنتۇپتۇ.
ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەپتۇ، ھاۋا بىردىنلا تۇتۇلۇپ قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. ئارقىدىنلا سەل كېلىپ، بوۋاينىڭ پۈتۈن ئاشلىقىنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. بوۋاي يەنە ئاۋۋالقى گادايلىق ھالىغا چۈشۈپ قاپتۇ، يېنىغا ھېچكىم كەلمەيدىغان بوپتۇ، بوۋاي يالغۇز قاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئۆز نىيىتىدىن يامانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ:

چاقمىقىڭ چاقتى، خۇدا،
دۇمبىقىڭ سوقتى، خۇدا،
چادىر تارتىپ ھەممىسى
قىياندا ئاقتى، خۇدا.

يالتايغاقلىق يامان ئىكەن،
قۇرۇق قول قالدىم، خۇدا.
دوستلار قەدرىگە يەتمەي
ھەممىدىن بولدۇم جۇدا.

دەپ قوشاق قوشۇپ يىغلاپتۇ.
مانا بۇ چۆچەك شۇنىڭدىن قېپقالغانىكەن.



# كۆڭۈل

بۇرۇنقى زاماندا بىر ياۋۇز، زالىم پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھ ئەلدە ناھەقچىلىكنى كۆپ قىپتۇ. خەلق پېقىرلىق ـ نامراتچىلىقتا ئۆتۈپتۇ، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ قاتتىق زۇلۇم تارتىپتۇ. پادىشاھنىڭ زۇلمى، ياۋۇزلۇقى ھەققىدە ھېچكىممۇ بىرەر ئېغىز گەپ ـ سۆز قىلالمايدىكەن. ئەگەر پادىشاھ بىرەر ئېغىز گەپ ـ سۆز ئاڭلاپ قالسا، شۇ گەپنى قىلغان ئادەمنى ئۆلۈمگە، مال ـ مۈلكىنى تالاڭغا بۇيرۇيدىكەن. پادىشاھنىڭ زۇلمى ۋە ۋەھشىيلىكىدىن قورقۇپ، خەلق كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ قارىغۇ، تىلى تۇرۇپ گاچا، ئەقىل ـ ھوشى تۇرۇپ دۆت بولۇۋاپتۇ. بۇ ئەلدە ساخاۋەت ئاتلىق ئاق نىيەت، ساپ دىل، ئادىل بىر كىشى بار ئىكەن، ئۇ ھەر دائىم ئەل ئارىسىدا يۈرىدىكەن، كىشىلەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدىكەن، ھاجەتمەنلەرنىڭ قانداق ھاجىتى بولسا، ئېغىر كۆرمەي راۋا قىلىپ بېرىدىكەن. خەلق ساخاۋەتنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. بىر كۈنى بىر كىشى كېلىپ، ساخاۋەتكە كۆڭلى ـ كۆكسىدىكى سۆزىنى ئېيتىپتۇ:

— پادىشاھنىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، خەلقنىڭ «ئۇھ» دېگۈچىلىك مادارى قالمىدى. بۇ زالىمدىن قۇتۇلىدىغان كۈنىمۇ بولارمۇ؟

ساخاۋەت بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— ئارغامچىنى تولغاۋەرسە ئۈزۈلىدۇ، زۇلۇم قانچە كۈ-چەيگەنسېرى قارشىلىقمۇ شۇنچە ئۆرلەيدۇ. يۇك كۆتۈرگەن ئا-دەم يۈك ئېغىرلىشىپ كۆتۈرەلمىگەندە، ئۈستىدىكى يۈكنى ئىرغىتىپ تاشلايدۇ. زۇلۇم چېكىگە يەتتى. ئۇنىڭ زالىملىقى-دىن قۇتۇلىدىغان كۈنمۇ يېتىپ كېلىدۇ، — دەپ دېھقانغا تەسەل-لى بېرىپتۇ.



ساخاۋەتنىڭ بۇ سۆزلىرى بۇ-نىڭدىن ئۇنىڭغا، ئۇنىڭدىن بۇنىڭ-غا ئاڭلىنىپ ئاخىر پادىشاھ-نىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ.

پادىشاھ دەر-غەزەپ بولۇپ، ساخاۋەتنى تۇتۇپ كېلىشكە بەل باغلاپتۇ. كىمكى ساخاۋەتنى تۇتۇپ ئەكېلىپ بەرسە، ئۇنىڭغا زور ئىنئام بېرىدى-غانلىقى، كىمكى ئۆز ئۆيىدە يوشۇ-رۇپ ساقلاپ خە-

ۋەر قىلمىسا، ئۇنى جازالاپ، مال - مۇلكىنى مۇسادىرە قىلى-
دىغانلىقى توغرىسىدا يارلىق چىقىرىپتۇ ۋە تەرەپ - تەرەپ-
لەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆي - ئۆيلەرنى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ.
پادىشاھىنىڭ زۇلمىدىن قورقۇپ، ھېچكىم ساخاۋەتنى ئۆيىگە
كىرگۇزمەپتۇ. ساخاۋەت ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - ئا-
غىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇلارمۇ ساخاۋەتنى ئۆيىگە
كىرگۇزسە، ئۆزىگە خاپىلىق يېتىپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۆيى-
گە كىرگۇزمەپتۇ، ئاش - نان بېرىپ، ئۆزرە ئېيتىپ يولغا
ساپتۇ. پادىشاھىنىڭ ئادەملىرى ئاخىر ساخاۋەتنى تۇتۇۋاپتۇ،
ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلۇم جازاسى بەرمەكچى بوپتۇ ۋە: «ساخا-
ۋەت دارغا ئېسىلىدۇ، ئاۋۋال ھەممە ئادەم جازا مەيدانىغا
توپلىنىپ، بۇ گۇناھكارنى بىردىن ئۇرۇشى كېرەك. كىمكى
پادىشاھىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، بۇ گۇناھكارغا ئىچ
ئاغرىتىدىكەن، جازاغا تارتىلىدۇ» دەپ، شاھ يارلىق
چۇشۇرۇپتۇ.

زالىم پادىشاھىنىڭ ھۆكمى بويىچە بەلگىلەنگەن كۇنى پۇ-
تۇن خەلق جازا مەيدانىغا توپلىنىشىپتۇ. جاللاتلار ساخاۋەتنى
باغلاپ جازا مەيدانىغا كەلتۇرۇپتۇ. دارنىڭ سىرتىمىقىنى ئۇنىڭ
بوينىغا سېلىپ، ھەممىگە ساخاۋەتنى بىردىن ئۇرۇپ ئۆتۇشنى
بۇيرۇپتۇ.

پادىشاھ تەخت ئۇستىدە ئولتۇرۇپ، ھەممە كىشىنىڭ ئۇ-
رۇپ ئۆتۇشىگە سەپسېلىپ تۇرۇپتۇ. ھەممە كىشى بىردىن ئۇ-
رۇپ ئۆتۇپتۇ. بەزىلىرى مۇشت بىلەن ئۇرۇپتۇ، بەزىلىرى شا-
پىلاق بىلەن ئۇرۇپتۇ، بەزىلىرى كالتەك بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئىش-
قىلىپ، نېمە بىلەن بولسۇن، ھەممىسى بىردىن ئۇرۇپ ئۆتۇپتۇ.
ساخاۋەت داد - پەرياد كۆتۇرمەي، مەردانە قىياپەتتە تىك تۇرۇپتۇ.

ساخاۋەتنىڭ سالى دېگەن بىر يېقىن دوستى بار ئىكەن.

ئۇنىڭ ساخاۋەتنى ئۇرۇشقا قولى بارماي، نائىلاجلىقتا قولىدىكى ئەتىرگۈلنى ساخاۋەتنىڭ بۇرنىغا تەگكۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. گۈل ساخاۋەتنىڭ بۇرنىغا تېگىشى بىلەن تەڭ ساخاۋەت «ۋايجان !» دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ جاللاتلارغا:

— ساخاۋەتنىڭ بوينىدىكى سىرتماقنى يەش، ئۇنى ھازىرلا ئالدىمغا كەلتۈر. ئۇنى گۈل بىلەن ئۇرغۇچىنىمۇ ئېلىپ كەل، — دەپ ئەمر قىپتۇ.

جاللاتلار ئۇنىڭ بوينىدىكى سىرتماقنى يېشىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ.

— شۇنچە ئادەم ئۇرۇپ ئۆتسە، ھەتتا كالتەك بىلەن ئۇرسىمۇ «ۋاي» دېمەيسەن، بۇرنۇڭغا گۈلنى پۇرىتىپ ئۆتسە «ۋايجان !» دەپ توۋلايسەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ساخاۋەتتىن.

— مەن بىر گۇناھسىز ئادەم، ناھەقتىن ـ ناھەق دارغا ھۆكۈم قىلىندىم. خالايىق، بىرىنچىدىن، مېنىڭ نېمە سەۋەبتىن دارغا ئېسىلماقچى بولغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگەنلىكى، ئىككىنچىدىن، ماڭا يات بولغانلىقى ئۈچۈن مېنى ئۇردى، شۇڭا ئۇلاردىن خاپا بولمىدىم. ئەمما، مېنى گۈل بىلەن ئۇرۇپ ئۆتكىنى مېنىڭ ئەڭ يېقىن، قىيامەتلىك ئاغىنەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇرغىنى جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى، تاقەت قىلالماي «ۋايجان» دەپ توۋلاپ سالدىم. كىشى ياتتىن رەنجىمەيدۇ، يېقىن كىشىسىدىن رەنجىيدۇ، — دەپتۇ ساخاۋەت.

بۇ سۆز پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى يېقىپتۇ ۋە ساخاۋەتنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىپتۇ. «ئادەم ياتتىن رەنجىمەيدۇ، يېقىنىدىن رەنجىيدۇ» دېگەن بۇ سۆز شۇنىڭدىن كېيىن ھېكمەتلىك سۆز بولۇپ قېلىپ، ئەل ئارىسىغا تارقىلىپ كېتىپتۇ.

# ئاچچىق ساۋاق

زامانىنىڭ زامانىسىدا ھىندى مەملىكىتىدىن ئۈچ نەپەر ھىندى باشقا ئەللەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلاپ، سەپەر قىپتۇ. قارلىق تاغلار، پايانسىز ئوتلاقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ بىر شەھەرگە كەپتۇ. ئۇلار بۇ شەھەردە بىر مەزگىل تۇرغان بولسىمۇ، يەرلىك خەلقنىڭ تىلىنى زادىلا ئۆگىنەلمەپتۇ. پەقەت بۇلاردىن بىرى «بىزلەر» دېگەن سۆزنىلا ئېسىدە قالدۇرۇپتۇ. بۇ يەردىن زېرىككەن ھىندىلار يەنە بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە ھەر كۈنى رەستە ئايلىنىش، ئادەملەر كۆپ يەرلەرگە بېرىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ھېيتگاھ مەيدانىغا كەلگەندە، بىر توپ كىشىلەرنىڭ جېدەللىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھىندىلار: «ھە، مانا بۇ تىل ئۆگىنىشنىڭ ئوبدان پەيتى» دېيىشىپ، بۇ غوۋغاغا قۇلاق سېلىپ تۇرغاندا، بېشىغا سەللە ئورىۋالغان ئاق ساقال ئادەم جېدەل قىلغانلارغا قاراپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ سۆزىدە «بىر پۇل ئۈچۈن» دېگەن سۆز كۆپ تەكرارلىنىپتۇ. جېدەللىشىۋاتقانلار ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھىندىلار، بۇ خاسىيەتلىك سۆز بولسا كېرەك دەپ، «بىر پۇل ئۈچۈن» دېگەن سۆزنى ئېسىدە قالدۇرۇۋاپتۇ. بۇ شەھەردە خېلى ئۇزۇن تۇرغان ھىندىلار يەنە باشقا

شەھەرگە كەپتۇ، لېكىن بۇ يەردىمۇ ئەھۋال ئىلگىرىكىدەك بولۇپ، ئۇلار ھەر كۈنى كوچا ئايلىنىدىكەن. كۈن ئۆتۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپتۇ، بىرەر ئېغىزمۇ سۆز ئۆگىنەلمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ئىككى ئادەمنىڭ ئۇرۇشۇپ ياقا سىقىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇشىغا، بىر ئەمەلدار كېلىپ: «ماڭ، خوتۇن تالاق» دەپتۇ. ئۇرۇشۇۋاتقانلار دەرھال ئاجرىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز يولىغا كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھىندىنىڭ ئۇچىنچىسى بۇمۇ بىر خاسىيەتلىك سۆز بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بۇ سۆزنى يادلىۋاپتۇ. بۇ شەھەردىنمۇ سۆز ئۆگىنىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ھىندىلار ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقىنىدا قىيما ـ چىيما قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن بىر جەسەتكە يولۇقۇپتۇ. بۇ جەسەتكە قاراپ ھەيران بولغان ھىندىلار ئۆزئارا پاراڭلىشىپ تۇرغىنىدا، بىرقانچە يايلارنى ئەگەشتۈرگەن پاششاپبېگى كېلىپ، جەسەت يېنىدا تۇرغان ناتونۇش ئۈچ ئادەمنى كۆرۈپتۇ.

— بۇ ئادەمنى كىم ئۆلتۈردى؟ ! — دەپ سوراپتۇ پاششاپبېگى.

— بىزلەر، — دەپتۇ ئۆگىنىۋالغان سۆزنى تەكرارلاپ ھىندىلارنىڭ بىرى.

— نېمىشقا ئۆلتۈرۈشتۇڭ؟ ! — دەپتۇ پاششاپبېگى غەزەپ بىلەن.

— بىر پۇل ئۈچۈن، — دەپتۇ يەنە بىر ھىندى.

— بىر پۇل ئۈچۈنمۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشەمسەن؟ ! — غەزەپتىن پاششاپبېگىنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۇدەك بولۇپ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

پاششاپبېگىنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرگەن ھىندىلارنىڭ بىرى ئۆگىنىۋالغان سۆزنى يەنە ئىشقا ساپتۇ:



— ماڭ، خوتۇن تالاق !

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان پاششاپ-بېگى بۇ ئۈچ ھىندىنى باغلىتىپ، باش - كۆزىگە قامچىلىغىنىچە جەسەت بىلەن يامۇلغا ئەكېلىپ ئامبالغا مەلۇم قىپتۇ. ئامبال بۇ ئۈچ ھىندىنى سوراق قىلىشقا باشلاپتۇ:

— بۇ ئادەمنى قايسىڭ ئۆلتۇردۇڭ؟ !

ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ھىندىلار كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. ئامبالنىڭ سوئالى تەكرارلانغاندىن كېيىن، ھىندىلاردىن بىرى:

— بىزلەر، — دەپتۇ.

— نېمىشقا ئۆلتۇرۇشتۇڭ؟ ! — دەپ سوراپتۇ ئامبال.

— بىر پۇل ئۈچۈن، — دەپتۇ ھىندىلاردىن يەنە بىرى.

— بىر پۇل ئۈچۈنمۇ ئادەم ئۆلتۇرگەن بارمۇ؟ ! — دەپتۇ ئامبال غەزەپلىنىپ.

— ماڭ، خوتۇن تالاق ! — دەپتۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن يەنە بىر ھىندى.

غەزەپلەنگەن ئامبال بۇلارنى قىيناشقا بۇيرۇپتۇ. ھىندىلار قانچىلىك ئازابلانمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن «بىزلەر»، «بىر پۇل ئۈچۈن»، «ماڭ، خوتۇن تالاق !» دېگەن سۆزدىن باشقا

سۆز چىقماپتۇ. ئاخىر بۇلارغا ئىشكەل، تاقاق سېلىپ، مەخ-
سۇس قاتىللار ياتىدىغان زىندانغا سېلىشنى بۇيرۇپتۇ، بۇلارغا
ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، تەكشۈرۈش مەلۇماتىنى
يۇقىرىغا يوللاپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. ھىندىستاندىن بىر سودا
كارۋىنى ئامبالنىڭ قېشىغا نۇرغۇن سوۋغاتلار بىلەن كەپتۇ.
ئامبال سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىپ كارۋانلارغا زىياپەت بېرىپ-
تۇ. ئامبال قارىسا، بۇ كارۋانلارنىڭ كىيىم - كېچىكى
زىنداندا يېتىۋاتقان ھېلىقى ئۈچ «قاتىل»غا ئوخشايدىكەن.
ئامبال ھەيران بولۇپ، زىنداندىن ھېلىقى ئۈچ گۇناھكارنى
ئەكەلدۈرۈپتۇ. گۇناھكارلار سودا كارۋانلىرىنى كۆرۈپ يىغلاش-
قان ھالدا بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن -
ئاياغ سۆزلىشىپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئامبال بۇ ئۈچ
ھىندىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويۇپ-
تۇ. ھەممەيلەن بۇ ئىشتىن ئاچچىق ساۋاق ئاپتۇ.

## پادشاھ بىلەن باققال

بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەردە ساۋۇت دېگەن بىر كەمبە-
غەل باققال بار ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ناۋات ياساپ، غالتەك
بىلەن بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. خوتۇنى
ئايخان ئەمگەكچان، چىرايلىق ئايال بولۇپ، ئۇلار بەك كەمبە-
غەللىكتە تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، لېكىن ئەر - خوتۇن ئىككى-
سى ناھايىتى ئىناق ئۆتىدىكەن.

بىر كۈنى ئايخان سۇ ئەكەلگىلى كوچىغا چىققاندا،
بەختكە قارشى كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر مەككار ۋە-
زىر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. ۋەزىر بۇ چىرايلىق ئايالنى كۆرۈپ
قېلىپ، ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلىۋاپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ زالىم بىر پادشاھى بولۇپ، ئۇنىڭ قىرىق
بىر خوتۇنى بار ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بىرەر چىرايلىق
قىز ياكى خوتۇننىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ قالسىلا، زورلۇق بىلەن
ئېلىۋالىدىكەن. ئۇ شۇ كېچىسىلا ۋەزىرى بىلەن بىرقانچە يا-
ساۋۇللارنى ئەۋەتىپ، ئايخاننى زورلۇق بىلەن ئۆز ئوردىسىغا
ئالدۇرۇپتۇ. ئايخان ئوردىدا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ،
ھامان ئېرىنى ئەسلەيدىكەن، كۈن بويى قاپىقى ئېچىلماي،
پادشاھقا بەكمۇ غەزەپلىنىدىكەن. پادشاھ ئۇنىڭ كۆڭلىنى
ئېلىش ئۈچۈن كۆپ چارىلەرنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن

مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ.

ئايخاننى زورلۇق بىلەن تارتىپ ئەكەتكەندىن كېيىن، ساۋۇت ئۆيىدە يالغۇز قېلىپ بەكمۇ ھەسرەت چېكىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئايخان بىلەن كۆرۈشۈشكە پۇرسەت تېپىش ئۇ-



چۈن، يەنە ناۋات ياساپ غالتەك بىلەن ئوردا تەرەپكە بېرىپتۇ. ئايخان ئوردىنىڭ ئىچىدا ئېرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دېرىزە تۈۋىگە كەپتۇ - دە، ئېرىنى كۆرۈش بىلەن خۇشاللىقى ئىچ - ئىچىگە سىغماي كېتىپتۇ. ئايخاننىڭ خىزمىتىگە قويۇلغان كېنىزەك بۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈۋېلىپ، پادىشاھقا:

— ئايخان ناۋاتچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن، — دەپ خەۋەر قىپتۇ.

پادىشاھ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ناۋاتچىنى ئوردىغا ئەكەپتۇ. ساۋۇت بۇنىڭ سىرىنى ئۇقالماي بەك قورقۇپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھنىڭ جازالاش نىيىتى يوقلۇقىنى بىلىپ بىرئاز خاتىرجەم بوپتۇ. پادىشاھ ئايخاننى خۇشال قىلىپ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن، ساۋۇتنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۆزى كىيىپتۇ، غالتەكنى ھەيدىگەن ھالدا ناۋاتچىدەك توۋلاپ، ئايخان تۇرغان ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئەقىللىق ۋە جەسۇر ئايخان پادىشاھنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ دەرھال بىر پىكىرگە كەپتۇ - دە، شۇئانلا ياساۋۇللارنى قىچقىرىپ:

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىگانە كىشىنى ئۆيۈمگە يېقىن كەلتۈرىسلەر؟ ! ئەگەر پادىشاھ بىلىپ قالىدىغان بولسا، بىرىڭلارمۇ ساق قالمايسىلەر ! بۇ كىشىنى دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ! — دەپ توۋلاپتۇ. ياساۋۇللار پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئايخان ئۆزىنىڭ ئېرىنى تېپىۋاپتۇ. ساۋۇت شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ بولۇپ قاپتۇ.

ئوردىدىكىلەرنىڭ ۋە پۇقرالارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولمىغاچقا، كىشىلەر پەقەت ئايخاننى پادىشاھقا بولغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپتۇ، دېيىشىپتۇ. پادىشاھمۇ شەپقەتلىك بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنۈپتۇ.

[General Information]
书名=维吾尔民间故事 17　维吾尔文
SS号=40250800